تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، رىزۋانگۈل ھۈسەيىن

# قىزىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن
رىزۋانگۈل ھۈسەيىن

# قىزىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

3002/02

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : زەينەپ مۇسا
مەسئۇل كوررېكتورلىرى : ئابلىز ئابباس
ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : غالىپ شاھ

# قىزىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

ئاپتورلىرى : تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن
رىزۋانگۈل ھۈسەيىن

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ : 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى خۇڭتۇ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى : 787×1092مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى : 3.375
2001 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7—5371—3853—2/I · 1397
سانى : 1—3000
باھاسى : 4.10 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە


كۆڭۈللۈك كۈنلەر ........................ 1
خوش سەھرا ........................ 6
مەكتەپ - مەكتەپ ........................ 10
مەيدان تازىلاش ........................ 12
مەن ئاغرىپ قالدىم ........................ 14
سوفىيە ماخمۇت خانىم ........................ 22
يازلىق تەتىل كۈنلىرى ........................ 25
ئوغرى بىلەن ئۇچرىشىش ........................ 31
تۇرمىگە بېرىپ دادامنى يوقلاش ........................ 35
دادامغا تاماق ئاپىرىش ........................ 40
شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە ........................ 44
كىتاب ئىشقى ........................ 47
كومپاس بىلەن نىشاننى ئىزدەش ........................ 51
باندىت تۇتىمىز ........................ 56
ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ........................ 58
مېنىڭ سۆيۈملۈك دادام، ئانام ........................ 59
دادام غۇلجىغا كەتتى ........................ 65
دادام قايتىپ كەلدى ........................ 67

مەن يازغۇچى بولىمەن ........................ 69
«ئاققان سۈزۈك سۇ» ........................ 74

× ×

قىزىمنىڭ كۆندىلىك خاتىرىسى ........................ 78
قۇيرۇق ........................ 86
ئەھمىيەتلىك دەرس ........................ 91
ئويۇنچۇق ........................ 96
بىر سەبىينىڭ قەلب ساداسى ........................ 100

# كۆڭۈللۈك كۈنلەر

باغلاردىكى يەل - يېمىشلەر يىغىشتۇرۇلۇپ ، قوغۇن- لۇقتىكى قوغۇنلار پاساڭ قىلىندى . ئېتىزلار ، باغلار ، قو- غۇنلۇقلار بالىلارنىڭ ۋە قوي ، ئۆچكىلەرنىڭ يايلىقىغا ئايلان- دى . چىتلاقلارغا ، قورو تاملىرىنىڭ ئۈستىگە مۇداپىئە ئۈ- چۈن قويۇلغان يانتاق ، جىگدە شاخلىرىغا لازا - شوخلىلار يېيىلىپ خۇددى تاۋار يېيىلغاندەك چىرايلىق تۈسكە كىرگەنىدى .

ئۆگزىلەرگە ئاققوناق ۋە كۆممىقوناق باشاقلىرى يېيى- تىلدى ، ئەمدى ئېتىزلاردىكى ئىشلار تۈگەپ ئۆگزىدىكى ئىش قالغانىدى . دادام تاغار - تاغار ئاققوناقنى ئۆگزىگە يېيىتتى ، ئاققوناقنىڭ دانلىرى گۈرۈچتەك ئاپئاق ، مەرۋا- يىتتەك يۇمىلاق بولۇپ ئۆگزە مەرۋايىت يېيىلغاندەك تۈسكە كىرگەنىدى . بىز ئۈكام ئىككىمىز مەكتەپتىن يېنىپلا ئۆگ- زىگە يامىشاتتۇق . يېيىلغان ئاققوناق دانلىرى قۇياش نۇرىدا قىزىپ كېتەتتى . بىز يالاڭ ئاياغ بولۇۋېلىپ خۇددى سۇ كەچكەندەك ئۇنى كېچىپ ئوينايتتۇق ، قوللىرىمىز بىلەن سورۇيتتۇق ، دانلارنىڭ ئۈستىدە ئېغىنايتتۇق ، بۇنداق چاغ- لاردا نېمىلا قىلساق ئانىمىز خاپا بولمايتتى ، چۈنكى ئۆگزىدە ئادەم بولمىسىلا ئۆگزە قاغا ، پاختەك ، قۇشقاچلارنىڭ دانلاي- دىغان ماكانىغا ئايلىناتتى . بىز ئۆگزىدە بولساقلا ئۇلار دان-

لارنى ئوغرىلىيالمايتتى . لېكىن يىراقتىمۇ ئۇچۇپ كەتمەيتـ
تى ، خۇددى بىزنىڭ ئۆگزىدىن چۈشۈپ كېتىشىمىزنى تەمە
قىلغاندەك ئۆيىمىزنىڭ ، هويلىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى تېرەك ،
سۆگەتلەرگە قونۇۋېلىپ چۇرۇقلىشاتتى ، قاقىلدىشاتتى .
بىزمۇ ئۇلارغا قارىتىپ مەدەكلەرنى ئاتاتتۇق . بىر يىلدىن
بېرى تەر تۆكۈپ ئىشلەپ ئالغان هوسۇلىمىزنى بۇ تەييارتاپـ
لارنىڭ ئېلىپ قېچىشىنى خالىمايتتۇق . تاكى كۆز باغلانغۇ-
چە ئۆگزە - ئۆگزىلەردە بالىلار قاينايتتى ، بىر - بىرىنى
چاقىرىشىپ ۋارقىرىشاتتى .
هويلا - هويلىدا ئانىلىرىمىز سۇپىلارغا ، كارىۋاتلارغا
داستىخان سېلىپ بالىلارنى تاماققا چاقىرغان ئاۋازلار ئاڭلىـ
ناتتى . بىز ئۆگزىنىڭ قىرىغا بېسىلغان قوناق شاخلىرىنىڭ
ئۈستىدىن سىيرىلىپ هويلىغا سەكرەيتتۇق . بۇ چاغدا ئانام
خاپا بولۇپ كېتەتتى .
— شوتىدىن چۈشسەڭ بولمامدۇ ، ئۆگزىدىن ئوغرىدەك
سەكرىگىچە .
— سەكرىسەم نېمە بولىدۇ ؟
— ئەركىنىشىنىڭ پۇتىدەك پۇتۇڭ يوغىناپ كېتىدۇ .
— يوغىناپ كەتسە نېمە بولىدۇ ؟
— تۆگىتاپان بولۇپ قالىسەن ، ئاندىن بازاردىن پۇتۇڭغا
كەلگۈدەك ئاياغ تاپقىلىمۇ بولمايدۇ ، خۇددى
داداڭنىڭكىدەك .
دادام سۇپىنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇۋېلىپ پۇت - قوللىرىـ
نى ئانام ئاپتۇۋىدا قۇيۇپ بەرگەن سۇدا يۇيۇۋاتاتتى . مەن
دادامنىڭ يوغان پۇتلىرىنى زوق بىلەن تاماشا قىلدىم ، پاھ !
نېمىدېگەن يوغان ، خۇددى چۆچەكتىكى رۇستەمنىڭ داستاـ

نىڭكىدەك . قوللىرىمۇ شۇنداق يوغان ، خۇددى مىلىك پاتمان-
لىق گۇرزىنى كۆتۈرۈپ ئالەمنى مالەم قىلىدىغاندەك . بۇلار-
نى ماڭا موماي ، ئاندىن كېيىن دادام ۋە ئانام ئۆزى سۆزلەپ
بەرگەن .

— ئەجەب دادامغىمۇ ئاياغ تېپىلىپتۇغۇ ؟

دادام كۈلۈۋەتتى . ھۆل قوللىرى بىلەن يۈزۈمنى سىلاپ
يۇيۇپ قويدى ، چاچلىرىمنى تۈزىدى ، پېشانەمگە سۆيۈپ قوي-
دى - دە ، چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ ماڭا نەسىھەت
قىلدى :

— ماڭىمۇ ئاياغ تېپىلمىقى تەس ، پۇتى يوغان تاپقاننى
كىيە ، پۇتى كىچىك چاققاننى دەپتىكەن ، چىرايلىق قىزىم ،
قارا ئاناڭنىڭ پۇت - قولىغا ، قىز بالا دېگەننىڭ پۇت - قولى
ئاشۇنداق كىچىك ، چىرايلىق بولمىسا قانداق بولىدۇ .

مەن ئانامغا قارىدىم . ئانام نېمىشقىدۇر قولاق ، بويۇن-
لىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى . راست ئانامنىڭ پۇت - قوللىرى
كىچىك ، بارماقلىرى سىپتا چىرايلىق ئىكەن . مەن ئانامغا
زوقلاندىم ، ئۇنىڭ بىزگە تاتلىق نېمەتلەرنى پىشۇرۇپ بېرى-
دىغان قوللىرىغا سۆيدۈم ۋە ئۆگزىدىن سەكرىمەسلىككە ۋەدە
بېرىپ ئۇنى خۇشال قىلدىم .

مەنمۇ دادامدەك پۇت - قوللىرىمنى يۇيدۇم . ئۇكامنىڭ
قوللىرىنى يۇيۇۋېلىشى ئۈچۈن سۇ قۇيۇپ بەردىم . ئاندىن
ھەممىمىز سۇپا ئۈستىدىكى گۈللۈك كىگىزدە باداشقان قو-
رۇپ تاماققا ئولتۇردۇق ، تاماق نېرىن چۆپ ئىكەن . ئانام
ئۇنى ياغاچ تاۋاقلارغا ئۇسۇپ ئەكەلدى . دادام لېگەندىكى
گۆشنى ناننىڭ ئۈستىگە قويۇپ توغراپ نېرىن قىلدى . ئانام
پىيازنى ئۇششاق توغراپ گۆشكە ئارىلاشتۇرۇپ چۆپنىڭ

ئۈستىگە يېيىتتى . بىز ياغاچ قوشۇقلار بىلەن ئىسسىق چۆپ-
نى يېيىشكە باشلىدۇق . شۇ ئارىدا يېقىن قوشنىلىرىمىز
داۋۇت تاغام ، مەمەت تاغام ، ئەمىتىكام چايچىلار كىرىشتى ،
دادام ، ئانام ھۆرمەت بىلەن ئورنىدىن دەس تۇردى . ئۇلارنى
تۆرگە تەكلىپ قىلدى ، ئانام لېگەنگە ئاش ئۇسۇپ ، ئۇلارنىڭ
ئالدىغا قويدى . ئۇلار قورساق توق دەپ ، تۇزۇت قىلىشتى .
دادام بىلەن ئانام ئۇلارنى تاماققا زورلىدى . بىزنىڭ يۇرتتا
مېھمانلارنى تاماققا بەك زورلايدىغان ئادەت بارمۇ ياكى دادام
شۇنداق قىلامدۇ ، ئىشقىلىپ دادام ئۆيگە كەلگەن مېھمانلارنى
تاماققا بەك زورلايتتى .

— شۇنداق بولسىمۇ ئىغىز تېگىپ بېقىڭلار .

داۋۇت تاغام ئانام قازاندىن سۇزۇپ كەلگەن يوغان بىر
پارچە گۆشنى توغراپ چۆپنىڭ ئۈستىگە يېيىتتى . ئانام پى-
ياز ، قارىمۇچلارنى سېپىپ قويدى ۋە ئۈچ دانە ياغاچ قوشۇق-
نى قويۇپ قويدى .

— ئاشقا بېقىشسىلا .

ئانام سۇپىنىڭ قېشىدا ئۆرە تۇرۇپ ئۇلارنى تاماققا
تەكلىپ قىلدى ، شۇ ئارىدا پاتىمە ئاچام ، تۇخان ئاچاملار
كىرىشتى . ئاياللار قاتلىما نان راسلاۋاتقان ئانامغا قارىشىش
ئۈچۈن ئوچاق بېشىغا كېتىشتى .

بىردەمدە ھويلىنى پىتىر قاتلىمىنىڭ خۇش پۇرىقى قاپ-
لىدى ، داستىخانغا ئەمدى ھورى چىقىپ تۇرغان پىتىر قاتلى-
مىلار قويۇلدى . دېھقان خەق دېگەن مېھماننىڭ ئالدىغا
بارى - يوقىنى ئايىماي قويىدۇ . بۈگۈن ئەتكەن تاماق ۋە
ئوچاقا ياققان نان شۇ كۈنىلا داستىخاندا يېيىلىپ تۈگەيدۇ ،
ئەتىگە قالمىسىمۇ مەيلى . ئەتىسى ئەتىگەندە قوي - كالىلارغا

ئوت ـ چۆپ بىرىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئاياللار ئوچاق قىزىتىپ پېتىر قاتلىما ياكى ئوچاق نېنى دەپ ئاتىلىدىغان پېتىر نان يېقىشىدۇ. ئىسسىق پېتى ناشتىلىق قىلىشىدۇ.

سەھرا كىشىلىرى ئۆي ـ ھويلىلىرىنىڭ ئىشىكىنى تاقىمايدۇ. ئۆتكەن ـ كەچكەن قولۇم ـ قوشنىلار بىرەر ئىشى بولمىسىمۇ كىرىپ ـ چىقىپ تۇرۇشىدۇ. كىرگەندىكىن ئاش ۋاقتى بولسا ئاشقا، چاي ۋاقتى بولسا چايغا داخىل بولمىسا ئۆي ئىگىسى رەنجىيدۇ. بولۇپمۇ كەچقۇرۇن بىر كۆنلۈك ئەمگەكتىن كېيىن بىر ـ بىرىنىڭكىگە كىرىپ پاراڭ سېلىشىپ خېلى ۋاقىتقىچە ئولتۇرۇشىدۇ.

بىز ئۇكام ئىككىمىز بايا ئاشنىڭ گۆشىنىلا يەپ چۆپىنى يېمەي ئولتۇرغاندۇق، ئەسلىدە پېتىر قاتلىما پىشۇرۇلۇشىنى ساقلىغاندۇق. ئانام نان راسلاشقا ئۇستا ئىدى، بىز ئۇچۇن يېقىپ قويغان ئۆردەكتەك بېشى بار، ئاپتاپپەرەستەك چۆرىسىدە چىشلىرى بار نانلارنى ساقلاپ ئولتۇراتتۇق. نانلىرىمىزنى قومۇرۇشى بىلەن قوللىرىمىزنىڭ كۆيۈپ تۇرغىنىغا قارىماي ئىسسىق پېتى كۆتۈرۈپ تالاغا چاپتۇق، ئۇكام خۇددى شەھەردىكى ناۋايلار ناننى تەۋەككە ئېلىپ بېشىغا قويۇپ ۋارقىرىغاندەك ناننى بادامدوپپىسىنىڭ ئۇستىگە قوندۇرۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— قومۇراللا ئەپكەلدىم، قومۇراللا ئەپكەلدىم (قومۇرۇپلا ئەپكەلدىم دېگىنى بولسا كېرەك)

— ئىسسىق نان، ئىسسىق نان.

سەھرا بالىلىرىنىڭ بىرىنىڭ قولىدا قوغۇن، بىرىنىڭكىدە ئالما ـ ئانار، بىرىنىڭ قوينىدا پىشۇرۇلغان توخۇم، بىرىنىڭ قولىدا بىر ـ ئىككى ساپاق ئۈزۈم بولاتتى، ئۇكام

بىلەن ئىككىمىز ئىسسىقناننى كۆتۈرگەن هالدا كەچلىك
ئويۇن ئۇچۇن دۆڭكۆلنىڭ بويىغا يىغىلدۇق . بىر - بىرد-
مىزنىڭ قولىدىكى نېمەتلەردىن تېتىشىپ ئويۇننىڭ مەسلد-
ھەتىگە كىرىشتۇق .

بۇگۈن ئايدىڭ كەچ . ئاسماندا مىليون يۇلتۇزلار ۋە
تولۇن ئاي ئالەمنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى ، بىز چۈ-
كۈلدۈك (ۋەللەي ) ئويىنىماقچى بولۇشتۇق ، داۋۇت تاغامنىڭ
ئوغلى تەۋەككۈل بىر دانە تاياق بىلەن ۋەللەي ياغىچىنى
ئېلىپ چىقتى ، كىچىككىنە ئورەك كولىدى . بىز ئىككى
گۇرۇپپا بولدۇق . تەۋەككۈل بىرىنچى بولۇپ تاياق بىلەن
چۈكۈلدۈكنى كۈچ بىلەن ئۇردى ، ياغاچ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ
ئۇچتى . يىراقتا ئۇنى تۇتۇۋېلىشنى كۈتۈپ تۇرغان بالىلارنىڭ
بېشىدىن ئېشىپ ئۆتۈپ باغ تېمىنىڭ كەينىگە چۈشتى . بىز
ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر ۋەللەي توۋلاپ يۈگۈرۈپ كەت-
تۇق ، ئويۇن يېرىم كېچىگىچە ، تاكى ئانىمىز بەشىنچى قې-
تىم توۋلاپ بىزنى تالادىن قوغلاپ كىرگۈچە داۋاملاشتى .

## خوش سەھرا

چىرايلىق كۈز ، قورولارنىڭ ، باغلارنىڭ ئەتراپىدىكى
دەل - دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى سارغايدى ، ئۆرۈكلۈك
باغلاردىكى ئۆرۈك دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى قىزىل تا-
ۋاردەك تۈسكە كىردى ، يىراقتىن قارىغاندا سارغىيىپ قى-
زارغان يوپۇرماقلار باغلارنى يالقۇن دېڭىزىغا ، ئالتۇن تاغلى-
رىغا ، گۆھەر تۇخۇم دۆۋىلەنگەن قىرلارغا ئوخشىتىپ گۈ-
زەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى .

بىز ھاۋا ئوچۇق بىر ئەتىگىنى سەھرادىكى ئۆيىنىڭ ئى-
شىكىنى تاقىدۇق. بوغداي - قوناقلارنى تاغىلىرىمىزنىڭ
ئۆيىدىكى كات ساندۇقلارغا قويدۇق. بەزىبىر كىگىز،
يوتقان - كۆرپىلەرنىمۇ قوشنىلارنىڭكىگە ئاچىقىپ قويدۇق.
ئانامنىڭ دېيىشىچە بۇ نەرسىلەرنى چاشقانلار ئۆتمتۆشۈك
قىلىۋەتمىسۇن، دەپ باشقىلارنىڭكىگە ئاچىقىپ قويۇپتۇ،
مەن ئوغرىلاردىن قورقۇپ ئاچىققان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ
ئانامغا دېسەم، ئانام كۈلۈپ كەتتى.

— شەھەرمىدى بۇ ئوغرى كىرىدىغان، ئوغرىدىنمۇ
چاشقان يامان بۇ يەردە، كىگىز - كېچەك، ئاشلىق -
تۈلۈكنى رەسۋا قىلىۋېتىدۇ.

مەن ئۇكام بىلەن كالا، ئېشەك، قويلارنىمۇ ئىمىن
تاغىمىزنىڭكىگە ئاپىرىپ قويدۇق، دادام يەم - خەشەكلەرنى
يەتكۈدەك قىلىپ يەتكۈزۈپ بېرەتتى. تاغىلىرىمنىڭ
گۆش - ياغ، چاي - تۇزلىرىدىن خەۋەر ئالاتتى. ھېيت -
ئايەملەردە خوتۇن باللىرىغا كۆڭلەك، ئىشتانلىق گەزمال،
دوپپا، رومال ئېلىپ بېرىپ رازى قىلاتتى. ھەر يىلى ئون
نەچچە قوي، ئىككى - ئۈچ ئېشەك تۇغقانلىرىمىزنىڭكىدە
تۇراتتى. كالىنى بولسا شەھەردىكى ئۆيىمىزگە ئەكىرىپ
ئېغىلدا باقاتتۇق، سۈت - قايماقلىرىدىن قوشنىلىرىمىزغىمۇ
بېرەتتۇق.

دادام پات - پات سەھرادىن بىرەر قوينى ئەكېلىپ
ئۆلتۈرەتتى ياكى يېزىدا ئۆلتۈرۈپ گۆش - ياغنى ئەكىرەت-
تى.

بىز شۇنداق چىرايلىق سەھرا بىلەن خوشلىشىپ شە-
ھەرگە كىردۇق، شەھەرگە كىرىپلا گۈزەرنىڭ چۇقان -

سۈرىنى ، ھېيتگاھدىكى مەددالار ۋە سازەندىلەرنىڭ ناخشا - سازلىرى بىزنى ئۆزىگە تارتىپ كېتىۋاتقىنىنى ، شەھەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭىنى سېغىنىپ قالغىنىمىزنى سەزدۇق ، بىز گۈزەرگە كېلىپلا ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان دوست - ئاداش-لىرىمىزغا قوشۇلۇپ كەتتۇق . ئۇلارمۇ بىزنى سېغىنىپ قال-غان بولسا كېرەك ، توختىماي ئۇنى ، بۇنى سورايتتى .

— قايتىپ كەلدىڭلارمۇ ؟

— ھەئە .

— ئەمدى كەتمەمسىلەر ؟

— ئەمدى كەتمەيمىز .

— نەدە ئوقۇيسىلەر ؟

— مۇشۇ يەردە .

— ھوي ، بىللە ئوقۇيدىكەنمىز ، ھا...ھا...

ئانام ئاداشلىرىمىزغا ھارۋىدىكى سېۋەتتىن ئۈزۈم - ئانارلارنى ئېلىپ بەردى ، دادام قوغۇن تىلىپ بەردى . ئۇلار خۇش بولۇشۇپ كەتتى . خالىدەم دېگەن قىز ئانارنىڭ دانلى-رىنى يەپ ، پەردە ئاستىدىكى دانلارنى يېيىشنى بىلمەي يەرگە تاشلىۋەتتى . مەن ئۇنىڭغا :

— ھەي ئەخمەق ، ئۇنىڭ ئارىسىدا يەنە دېنى بار ،— دېدىم . ئۇ ئىشەنمىدى ، مەن ئانامدىن ئاڭلىۋالغان مۇنۇ تېپىشماقنى ئېيتتىم :

قەۋەت ، قەۋەت تونى بار ،
ئارىسىدا دېنى بار .
دېنىنى سىقىپ باقساڭ ،
ئەجەب تاتلىق قېنى بار .

ئۇ نېمە ؟— دېدىم ، باللار قولللىرىدىكى ئانارنى كۆرسىتىشتى . خالىدەم قولىدىكى ئانارنىڭ يېرىمىنى يېرىپ ئارىسىدىكى ياقۇتتەك چاقناپ تۇرغان دانلارنى ئالىقىنىغا چۇشۇردى ۋە ئۇلارنى ئاغزىغا سالدى ، ئۇنىڭ خۇشلۇقتىن كۆزلىرى چاقنىدى ، ئۇمۇ بايا مەن ئېيتقان تېپىشماقنى ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن ئېيتىپ كەتتى :

قەۋەت ـ قەۋەت تونى بار ،
ئارىسىدا دېنى بار .
دېنىنى سىقىپ باقساڭ ،
ئەجەب تاتلىق قېنى بار .

بىز باللار بىلەن مۆكىمۆكىلەڭ ئوينىدۇق ، «قارا ـ قارا قۇشلارىم» ئوينىدۇق . بىر چاغدا ھاۋا ئۆزگىرىپ چاقماق چېقىلدى ، يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى .

يامغۇر ياغىلاق ،
ئۆچكە ساغىلاق .

بىز مەھەللىدە يۈگۈرۈشكە باشلىدۇق ، تۇشمۇ تۇشتىن ئانىلىرىمىز بىزنى چاقىرىشقا باشلىدى ، بىز :

يامغۇر ياغىلاق ،
ئۆچكە ساغىلاق .
تارقا ـ تارقاڭ
ئۆيگە تارقاڭ
ئۆيدە نېمە بار ،
ئاش بىلەن نان بار .

دېيىشىپ ۋارقىراشقىنىمىزچە ئۆيگە تارقىلىپ كەتتۇق .

# مەكتەپ ـ مەكتەپ

شەھەردىكى ئۆيىمىز «يۇمىلاق شەھەر كۆلبېشى» دېگەن يەردە بولۇپ ، ئىككى تۇپ باراقسان ئۇجمە دەرىخى بار ھويلا ئىدى ، قوشنىلىرىمىز ئىچىدە نوۋېشى باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان ئوتتۇز نەچچە ياشلاردىكى نۇرانە ئىسىملىك بىر ئايال بار ئىدى . مەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە نۇرانە خانىمنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مەكتەپكە بارغۇم كېلىپ تۇرالماي قالاتتىم . بەزى چاغلاردا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەكتەپكە باراتتىم . دەرۋازا ساقلايدىغان ھېيتاخۇن دەيدىغان بىر ئادەم بولىدىغان ، ئۇ ئاچچىقى يامان ئادەم ئىدى ، جىلتە (سومكا) ئاسىمىغان بالىنى مەكتەپكە كىرگۈزمەيتتى . مەن نۇرانە خانىمغا ئەگىشىپ كەلگەچكە مېنى ئامالسىز كىرگۈزۈۋېتەتتى . مەن ئۇ چاغلاردا بەش ياشلاردا ئىدىم ، مەن مەكتەپ مەيدانىدا ئويناشقا بەك ئامراق ئىدىم . سىنىپلارنىڭ دېرىزىسىگە يامىشىپ مارايتتىم ، مۇئەللىملەر بالىلارغا دەرس ئۆگەتسە بالىلار ئۇنى ئۈنلۈك تەكرارلايتتى ، بۇ چاغدا مەنمۇ ئەگىشىپ تەكرارلايتتىم . بەزى ئىچى يامانراق بالىلار مېنى دېرىزىدىن چۈشۈرۈۋېتەتتى ياكى مۇئەللىمگە چاقاتتى . مۇئەللىم دېرىزىگە يېقىن كېلىپ مېنى چۈشۈپ كېتىشكە بۇيرۇيتتى . مەن يەنە باشقا سىنىپلارنىڭ دېرىزىسىدىن مارايتتىم . بىر كۈنى مەن يىغلاپ ئانامغا ھال ئېيتتىم :

— ئانا ، مەنمۇ ئوقۇيمەن ، خۇددى سىنىپتىكى بالىلاردەك خەت يازىمەن .

دادام ماڭا دەپتەر ـ قەلەم ئەكېلىپ بەردى ، ئانام جىلتە تىكىپ بەردى . ئاندىن ئانام مېنى ئەگەشتۇرۇپ نۇرانە خانىمـ ـنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىردى . خانىم نۇرلۇق كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى ۋە ئەتە مەكتەپكە ئېلىپ بارىـ ـدىغانلىغا ۋەدە بەردى ، خۇشاللىقتىن مېنىڭ كېچىچە ئۇيقۇم كەلمىدى ، جىلتەمنى ۋە دەپتەر ـ قەلەملىرىمنى قۇچاقلاپ يېتىپ قاچان ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەي قاپتۇمەن .

ئەتىسى سەھەردە ئانام مېنى ئويغاتتى . مەن كۆزلىرىمـ ـنى ئۇۋۇلاپ ئانامغا ئەجەبلەنگەندەك قارىدىم . ئانام قاچاندۇر يوتقىنىمدىن ئېلىپ قوزۇققا ئېسىپ قويغان جىلتەمنى كۆرـ ـسەتتى ۋە ئۇنى ماڭا ئېلىپ بەردى ، مەن چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ جىلتەمنى قۇچاقلىدىم ، كېيىن هويلىغا چىقىپ ئۇۋـ ـرۇقتا (ساپال چۆگۈن ) دە يۈزۈمنى يۇدۇم . چاي ئىچكىلى ئۇنىماي بىر پارچە ناننى جىلتەمگە سېلىپ نۇرانە خانىمنىڭـ ـكىگە يۈگۈردۈم . خانىم رەتلىك كىيىنىپ ، سومكىسىنى بىلىكىگە ئېسىپ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىۋاتقانىكەن . ئۇ چاغـ ـلاردا شەددە قۇلۇپ دەيدىغان بىر خىل قۇلۇپ بولۇپ ، ئۆزى سوزۇنچاق ، ئېتىش ، ئېچىش قىيىنراق بىر خىل قۇلۇپ ئىدى ، ئۇنى يەرلىك تۆمۈرچى ئۇستاملار ياسايتتى ، بۇ خىلى پۇختا قۇلۇپ هېسابلىناتتى . خانىم قۇلۇپنى ناهايىتى تەستە ئەتتى ، ئاچقۇچنى ئانامغا ئاپىرىپ بېرىشكە مېنى بۇيرۇدى ۋە «ئۆيدىكىلەر كېلىپ قالسا بېرىپ قويسۇن» دەپ جېكىلىـ ـدى . مەن ئاچقۇچنى ئاپىرىپ بېرىپلا خانىمنىڭ ئىشىك ئالـ ـدىغا چاپتىم . خانىم ، مەن ۋە ئۇنىڭ بېقىۋالغان قىزى مەكـ ـتەپكە ماڭدۇق . شۇ مىنۇتتا مېنىڭدەك خۇشال ، بەختلىك يەنە بىر ئادەم بولمىسا كېرەك . مەن ئىككى تەرىپىمگە پەـ

خىرلەنگەندەك قارايتتىم ۋە پۈتۈن مەھەللىدىكىلەر مېنىڭ مەكتەپكە كېتىۋاتقىنىمنى بىلىدۇ دەپ ئويلايتتىم. خەقلەرنىڭ چىرايىدىكى كۈلكىنى كۆرسەم ھەممە ئادەم مېنىڭ مەكتەپكە بارىدىغانلىقىم ئۈچۈن خۇشال بولۇۋاتىدۇ دەپ ئويلايتتىم، مەن مەكتەپكە يېقىنلاپ قالغانىدىم. ئىشىك بېشىغا نوۋېشى قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپى دەپ ۋىۋىسكا ئېسىلغان بۇ مەكتەپكە تولا كەلگەن بولسامبۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە مەكتەپمۇ باشقىچە چىرايلىق كۆرۈندى، مەن مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغانىدىم. ھەر كېچىسى قەغەز، قەلەم، سىياھ قۇتىسىنى چۈشەپ چىققانلىرىم، چۈشۈمدە خەتلەرنى يازغانلىرىم بۈگۈن ئەمەلىيەتكە ئايلانغانىدى، ھەر كۈنى چۈشۈمنى ئانامغا دەپ بەرسەم، «ياخشى چۈش كۆرۈپسەن، خۇدايىم بۇيرۇسا مەكتەپتە ئوقۇپ كاتتا خانىم بولغۇدەكسەن» دەپ تەبىر بېرەتتى. مانا بۈگۈن چۈشلىرىم ئەمەلىيەتكە ئايلاندى، مەن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىردىم، مەن سىنىپقا كىردىم، مەن ئوڭ تەرەپتىكى قاتارنىڭ بىرىنچى رېتىدە ئولتۇردۇم.

# مەيدان تازىلاش

خانىم سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتىگەندە كەلگەنلىكىنى تىزىملايدىغان بىر دەپتەر تۇتقانىدى، ئۇ دەپتەرنى سىنىپ باشلىقى تۇتاتتى. ئۇ ئەتىگەندە بالىلارنىڭ كېلىشىگە قاراپ قولىغا بىر، ئىككى، ئۈچ دېگەن نومۇرنى تارقىتاتتى. كىم بالدۇر كېلەلىسە شۇ مەيدان تازىلايتتى.

ھەربىر ئوقۇغۇچى بىرىنچى بولۇپ كېلىپ مەيدان تازىلاشنى ئارزۇ قىلاتتى. مەن ئانامغا مېنى سەھەردە ئويغىتىد-

ۋېتىشنى تاپىلىدىم، ئانام مېنى تاڭ سەھەردە ئويغىتىپ قويدى ھەم مېنىڭ يالغۇز مېڭىشىمدىن ئەنسىرەپ ئوغۇل ئۇكامنى قوشۇپ قويدى. بىز مەكتەپكە كېلىپ دەرۋازىنى ئاچتۇرالماي، دەرۋازىغا يۆلىنىپ ئۇخلاپ قاپتىمىز. بىر چاغدا بىرىنىڭ تۇرتۇشىدىن ئويغاندىم، قارىسام ئالدىمدا توختى مۇدىر تۇرۇپتۇ. چۆچۈگىنىمدىن سەكرەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئۇ توۋلاپ ھېيت ئاكىنى چاقىردى، ھېيت ئاكا كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. بىز ھېيت ئاكىغا بىزگە سۇپۇرگە تېپىپ بېرىشنى، مەيدان تازىلايدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. مۇدىر بىزگە ئەجەبلەنگەندەك قارىدى.

— يۇرۇڭلار، ئىشخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار. ھازىر بەك قاراڭغۇ، ھېچنېمىنى كۆرەلمەيسىلەر، — دېدى. شۇندىلا بىز مەكتەپكە بەك بالدۇر كېلىپ قالغانلىقىمىزنى بىلدۇق. بىز بۇ سۇرلۇك مۇدىرنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىردۇق. ھېيت ئاكا بىر باغلام ئوتۇننى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئىشخانىدىكى چۆيۈن مەشكە ئوت قالىدى، ئارقىسىدىن بىر گۇرجەك كۆمۈر سالدى. ئوت گۇرۇلدەپ كۆيۈپ بىردەمدە ئىشخانا ئىسسىپ كەتتى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىدى، كېچىدە ھاۋا خېلى سوغۇق ئىدى. بىز بەك سەھەر كەلگەچكە تالادا خېلى توڭلىغانىكەنمىز. پۇت - قولىمىزغا ئىسسىق ئۆتۈپ مۇگدەپ ئۇخلاپ قاپتۇق. بىر چاغدا مۇدىر مېنى ئويغاتتى، كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام تالا ئاپئاق يورۇپ كېتىپتۇ. ئۇكامنى ئويغاتتىم، ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قوپقىلى ئۇنىمىدى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. مۇدىر مېنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. ئۇكام ئىشخانىدا ئۇخلاپ قالدى. مەن مەيدانغا

چىقسام بىزنىڭ ۋە باشقا سىنىپنىڭ باللىرى كېلىپ مەيدان تازىلاۋېتىپتۇ . ئۆزۈمنى تىزىملاتسام ئون بەشىنچى نومۇر بوپتىمەن ، ئانامنى ئالدىرىتىپ شۇنچە سەھەردە كەلگەنلىرىم بىكار بولدى ، يەنە بىرىنچى بولالمىدىم . مەيدان تازىلاشقىمۇ مۇيەسسەر بولالمىدىم ، پەقەت ئەخلەت تۆكۈشكىلا ئېرىشەلىدىم .

## مەن ئاغرىپ قالدىم

سىنىپتا بىر پارتىدا تۆت بالا ئولتۇراتتۇق . يېنىمدا نۇرنىسا دېگەن قىز ئولتۇراتتى . ئۇ ناۋاينىڭ قىزى ئىدى ، ئۇ سېمىز كەلگەن ئون نەچچە ياشلاردىكى قىز بولۇپ ، مەن بولسام ئەمدىلا ئالتە ياشقا توشقانىدىم (ئەللىكىنچى يىللاردا مەكتەپلەردە چوڭ-كىچىك باللار ئارىلىشىپ ئوقۇيتتى ) . ئۇنىڭ قولىنىڭ قىچىقى بارمىكىن ياكى ماڭا بەك ئۆچمىكىن يوغان مۇشتۇمى بىلەن مېنى ئۇراتتى . بۇ قىز تورپاقتەك يوغانلا تۇرۇپ باشقا قىزلارنىمۇ بوزەك قىلاتتى . ھەممىدىن ئۇنىڭ تايىقىنى كۆپ يەيدىغان بىچارە بالا مەن ئىدىم . ئۇنىڭ قولى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن شۈمشىيىپ پارتىنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتكۈدەك بولاتتىم ، يۈرىكىم جىغىلداپ كېتەتتى . مەكتەپتىن يانغۇچە يەنە مەن ئۇنىڭ دۈمبىقىغا ئايلىناتتىم . ئۇ خۇددى ئىككى تال ياغاچ بىلەن دۈمباق چالغاندەك قىلىپ مېنى ئۇرۇپ ماڭاتتى .

— مۇئەللىمگە دەيمەن ،— دېدىم بىر كۈنى يىغلاپ تۇرۇپ .

— مۇئەللىمگە دەيدىغان بولساڭ بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتى-

مەن ، — دېدى ئۇ ئىككى قولى بىلەن كانىيىمنى بوغۇپ .

نەپەسىم قىسىلىپ قالدى ، تىنالماي كۆزلىرىمدىن ياشلار ئاقتى . باللار ئارىلىشىپ مېنى ئۇنىڭ قولىدىن ئاران قۇتقۇزۇۋالدى . شۇنىڭدىن كېيىن ياكى مۇئەللىمگە ، ياكى ئۆيدىكىلەرگە ھېچنېمە دېيەلمىدىم . ھەر كۈنى ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىدا تاياق ، تېپىك يەپ يۈردۈم ، كۆزلىرىمدىن ياش قۇرۇمايتتى .

بىر كۈنى مەن ئاغرىپ يېتىپ قالدىم . ئانام ، دادام مەندىن بەك ئەنسىرىدى ، ئۇلار مېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشتى . دوختۇرخانا كارىدورىدا ئادەم بەك كۆپ ئىدى ، بىر ئادەم ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى . ئۇ چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان سۆزمەن بىر كىشى ئىكەن . ئۇ ھەربىر ئاغرىقنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ ئۇنىڭغا نېمىلەر داۋا بولىدىغانلىقىنى سۆزلەيتتى .

— سىزگە ، خېنىم ، — دېدى ئۇ بىر ئايالنىڭ قورسىقىنىڭ ئاغرىغانلىقىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن ، — كاۋىنىڭ ئۇرۇقى دورا . كاۋىنىڭ ئۇرۇقىنى قورۇپ چېقىپ يەپ بېرىڭ ، پايدىسىنى كۆرىسىز .

ئۇ ئاشۇ يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ نۇرغۇن كېسەللەرگە دورا كۆرسىتىپ بەردى ، ئۇ ئادەم ماڭا قارىدى . ئۇنى دوختۇر دەپ ئويلاپ قالدىم ئېھتىمالىم ، چۈنكى ھەممە باللاردەك مەنمۇ دوختۇردىن قورقاتتىم .

— بۇ بالا نېمە كېسەلگە گىرىپتار بولغان ؟ — دېدى ئۇ ئادەم . دادام جاۋاب بەردى :

— تاماق يېگىلى ئۇنىمايدۇ . ئىشتىھاسى كەم ، بارغانسېرى ئورۇقلاپ كېتىۋاتىدۇ .

ئۇ ئادەم ئاۋۋال ماڭا ئاندىن كېيىن دادامغا قارىدى:

— ئۇكام، بۇ بالا سىل بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا چامغۇر سېلىپ پاقلان گۆشىدە شورپا قىلىپ بەرسەڭلار بولىدۇ، چامغۇر ناھايىتى پايدىلىق كۆكتات. بۇرۇن بىر دېھقان بولغانىكەن، ئۇ ئادەم ئۆزىچىلا ئىشتىھاسىزلىنىپ يېتىپ قاپتۇ، ئورۇقلاپ قورايدەك بولۇپ كېتىپتۇ. بالا - چاقىلىرى بىر تېۋىپنى باشلاپ كېلىپ بۇ دېھقاننى كۆرسىتىپتۇ. تېۋىپ ئۇنى كۆرۈپ تومۇرىنى تۇتۇپتۇ، كېيىن بالا - چاقىلىرىغا ئۇنىڭ ئۈچ ئايلىق ئۆمرى قالغانلىقىنى، سىل كېسىلى ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغانلىقىنى، ئۇنى ياخشىراق كۈتۈپ قويۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ دېھقان بۇ گەپلەرنى ئىچكىرىكى ئۆيدە يېتىپ ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بىر - قانچە قويى بار ئىكەن ۋە بىر - ئىككى مو يەرگە چامغۇر تېرىغانىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ تېرىغان چامغۇرىنى ھەر كۈنى ئەكىردۇرۇپ ئۆزى باققان پاقلان گۆشىنىڭ شورپىسىدا پىشۇرۇپ يەپتۇ. تىرىكلىكىمدە ئۆزۈمنىڭ ئەمگەك مېۋىسىدىن بەھرىلىنىۋالاي دېسە كېرەك. ھەپتىدە بىر قوينى ئۆلتۈرۈپ چامغۇرنى شورپىدا پىشۇرۇپ يەپتۇ. ئۈچ ئاي بولدى دېگەندە ئۇ ئورنىدىن ساقىيىپ قوپۇپ تېۋىپنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— سەن مېنى ئۈچ ئايدا ئۆلىدۇ دېۋىدىڭ، ئەجەب ئۆلمىدىمغۇ، — دەپتۇ ئۇ.

تېۋىپ ئۇنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. ئۇ سەمرىپ پارقىراپ كەتكەنىكەن. تېۋىپ ئۇنىڭدىن نېمە دورا يېگەنلىكىنى سوراپتۇ.

— نېمە دورا بولاتتى، پاقلان گۆشى بىلەن چامغۇر شور-

پىسى ئىچتىم . كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا ئۆزۈم تېرىغان چامغۇر-
دىن يېۋالاي دېدىم ،— دەپتۇ .
تېۋىپ چامغۇرنىڭ ھەقىقەتەن خىسلەتلىك دورا ئىكەنلى-
كىنى بىلىپ تېبابەتچىلىك بىلىملىرىگە بىر يېڭى رېتسىپ-
نىڭ قوشۇلغانلىقىنى بايقاپتۇ ،— دېدى .
مېنىڭ چامغۇر بىلەن زادى خۇشۇم يوق ئىدى . ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئاغرىغاندىن بېرى ئۆيدە ھەر كۈنى ئىككى ۋاخ
دېگۈدەك چامغۇر سېلىنغان قوي گۆشى شورپىسى ئىچىۋې-
رىپ ، چامغۇر دېسە يىراقتا قاچىدىغان بولۇپ كەتكەنىدىم .
بوۋاينىڭ بۇ گېپىگە سەل ئاچچىقىم كەلدى ، يەنە شۇ شورپا .
ئانان ساڭا كۈندە ئىككى ۋاخ شورپا قىلىپ بەرسۇن ، قانداق
قىلىسەنكىن ، دېدىم ئىچىمدە قېيىداپ .
دادام ئۇنىڭ گەپلىرىگە ھە ، ھە ، خوش ، خوش ، شۇن-
داق قىلايلى دەپ جاۋاب بەردى ، بىزمۇ شۇنداق قىلغانىدۇق
دېمىدى ، مەن دادامنىڭ گەپلىرىگە ئەجەبلەندىم .
دادام بوۋايدىن سوراپ قالدى :
— ئاكا ، ئۆزلىرى نېمە بولۇپ دوختۇرخانىغا كېلىپ
قالدىلا .
— ھەي ئۇكام ، مۇشۇ ئوڭ بىقىنىم ئاغرىيدۇ ، قىلمى-
غىنىم قالمىدى ، ھېچ مەنپەئەت قىلمىدى ، شۇڭا كېلىشىم .
— قوي گۆشىنىڭ شورپىسىغا چامغۇر سېلىپ كۈندە
ئىككى ۋاخ ئىچىپ باقسا بولمامدىكى ،— دەپ غودۇڭشىدىم ،
دادام خىجىل بولغاندەك بىر ماڭا ، بىر ئۇ ئادەمگە قارىدى .
ئۇ ئادەم ئەجەبلەنگەندەك ماڭا قاراپ قالدى . كېيىن قاقاقلاپ
كۈلۈپ كەتتى .
— خەقنى داۋالايمەن دېگۈچە ئۆزۈڭنى ساقايتىۋال دې-

مەكچىمۇ سەن ، ھەي شاتۇتى . ھەي چۇغۇندەك ، بەك ئەقىل-لىق ئىكەنسەن ، چوڭ بولساڭ قالتىس ئەقىللىق ئادەم بول-غۇدەكسەن ،— ئاندىن دادامغا قاراپ ،— ھە ئۇكام ، بالاڭنى ئوبدان ئوقۇت ، سەن بىلەن بىز قىلالمىغاننى بۇ بالا قىلىدى-غان بولىدۇ . بۇغداينى مايسىسىدىن بىلگىلى بولىدۇ ،— دېدى .

مەن بۇ سۆزلەرنى ئانچە چۈشەنمەيتتىم ، لېكىن بۇ بوۋاي ۋە ئۇنىڭ گەپلىرى ئۆمۈرۋايەت ئېسىمدە ساقلىنىپ قالدى .

دوختۇر مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىردى . قىستاڭچىلىقتا دادام ئاران ئىشىكتىن ئۆتۈپ مېنى دوختۇرنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى .

بۇغداي ئۆڭلۈك ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى دوختۇر ئايال مېنى كۆردى . كىيىمىمنى يەشكۈزۈپ مەيدەمنى تەك-شۈردى . دۈمبەمنىمۇ … مەن خىجىل بولدۇم ، كىچىكىمە-دىن ئۇياتچان قىز بالا ئىدىم . شۇڭا دوختۇردىن ، ئەتراپتىكى كېسەل كۆرسەتمەكچى بولۇپ تۇرغانلاردىن ئىزا تارتىپ يەر-گە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم .

دوختۇر ماڭا سىل كېسەل دەپ دىئاگنوز قويدى ، دادام چۆچۈپ كەتتى . مەن «سىل دېگەن نېمىدۇر ، بايىقى بوۋايمۇ شۇنداق دېگەنتى . يەنە چامغۇر بىلەن قوي گۆشى ئىچەرمەن-مۇ» دېدىم دوختۇرغا . دوختۇر ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى ، ئاندىن مەندىن سوئاللار سورىدى .

— بالام ، سەن نېمە بولدۇڭ ، يا بىرى سېنى بوزەك قىلامدۇ ؟

— بىزنىڭ سىنىپتا نۇرنىسا ئىسىملىك بىر قىز بار ،

ئۇ مۇئەللىم دوسكىغا قاراپ قالسىلا مېنى ئۇرىدۇ . مەكتەپ-
تىن يانغۇچە يەنە ئۇرىدۇ .
— مۇئەللىمگە دېسەڭ بولمامدۇ ؟
— ئۇ مېنىڭ كانىيىمنى بوغۇپ ئۆلتۈرىمەن دېگەن .
دادام بىلەن دوختۇر بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ
قالدى .
— بۇمۇ بىر مۇھىم سەۋەب ، بالىدا كۆڭۈل ئازادىلىكى
يوق ئىكەن ، دائىم قورقۇنچ ئىچىدە يۈرگەچكە كېسەل بولۇپ
قاپتۇ . ھاۋالىق جايلارغا ئاپىرىڭلار . خۇشال - خۇرام يۈر-
سۇن ، مەن بەرگەن دورىلارنى ئىچسۇن .
بىز دورىلارنى ئېلىپ دوختۇرخانىدىن ياندۇق . دادام
مېنى كۆتۈرۈۋالدى . مەن ئۆيگە كېتەرمىز دەپ ئويلىغۇدىم ،
نەدىكىنى دادام ئۇدۇل مەكتەپكە ماڭدى . مەن مەكتەپ دەرۋا-
زىسىدىلا يەرگە چۈشۈۋالدىم ، دادام ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانى-
سىغا كىرىپ كەتتى .
مەن بىرنەچچە كۈنگىچە ئاپئاق ئۇششاق دورىلارنى ئىچ-
تىم . يەنە قوي گۆشى ، سەۋزە سېلىنغان شورپىلارنى ئىچ-
تىم . ئۇنىڭغا بەزىدە چامغۇرمۇ سېلىناتتى .
ئۆيدىكىلەر لەڭمەنگە ، قازان نېنىغا ئامراق ئىدى . بىر
كۈنى مېنىڭ ئۆزۈمچىلا لەڭمەن يېگۈم كېلىپ قالدى . مەن
دادامنىڭ چىنىسىگە قول ئۇزاتتىم . دادام خۇش بولۇپ كې-
تىپ چوكا بىلەن ماڭا ئاش يېگۈزۈپ قويدى ، مەن دادامنىڭ
ئېشىدىن خېلى يېدىم . ئانام «ئاجىزلاپ كەتكەن بالىغا بۇ
ئاش زىيان قىلامدىكىن» دەپ ئەنسىرىدى . دادام بولسا «بول-
دى گەپ قىلما» دېگەن ئىشارىنى قىلدى ، نەدىكىنى ، بۇ ئاش
ماڭا زىيان قىلمىدى ، بەلكى كەچتە قورسىقىم ئېچىپ ئانام-

دىن نان سورىدىم . ئانام ، دادام خۇشال بولۇپ كېتىشتى .
شۇنىڭدىن كېيىن ئۆيدە نېمە ئەتسە شۇنى بېرىدىغان بولدى .
شورپىنى بولسا بىر كۈندە بىر قېتىملا بېرىدىغان بولدى ،
مەن ساقىيىشقا باشلىدىم . ئورنۇمدىن تۇردۇم ، كوچىغا چىق-
قالايدىغان بولدۇم . مەن مەكتەپكە باردىم ، مەن پارتىغا ئول-
تۇرۇپ بىرىنچى سائەتتىلا نۇرنىسانىڭ مۇشتۇمىنىڭ تەمىنى
تېتىدىم . ئاران ماغدۇرۇمغا كەلگەن ئادەم ئورنۇمدىن تۇرال-
ماي يىقىلىپ كەتكىنىمنى بىلىمەن ، قالغىنىنى ئۇقمايمەن .
بىر چاغدا ئۆيدە ئانامنىڭ بېشىمدا يىغلاپ ئولتۇرغىنىنى
كۆردۇم .

كەچقۇرۇن دادام ناھايىتى خاپا ھالدا تالادىن كىردى .
كېيىن دادام ئانامغا بولغان ۋەقەنى دەپ بېرىۋاتقانلىقىنى
ئۇيقۇلۇق غۇۋا ئاڭلىدىم .

«بارات ناۋاينى ئادەممىكىن دەپتىمەن ، ھايۋان ئىكەن
ئۇ ، بالاڭ بالامنى نېمىشقا ئۇرىدۇ ، ئۇرمىسۇن ، نەسىھەت
قىلىپ قوي ، ئاكا» دېيىشىمگە ناۋايخانىدىن يۈگۈرۈپ چىق-
تى . بىرنەچچە شاگىرتلىرىمۇ چىقىشتى . ئۇ نېمە دەيدۇ
دېمەمسەن ، سەن بالامنى نېمىشقا مۇئەللىمگە بېرىپ چاقىد-
سەن ، مۇئەللىم مېنىڭ بالامنى تىللاپتۇ ، دەيدۇ . مەن «مۇ-
ئەللىمگە دېمەي كىمگە بېرىپ دەيتتىم» دېسەم ، مانا مۇئەل-
لىمگە بېرىپ دە دەپ مەيدەمگە بىر مۇشت ئۇردى . مەن
«ھوي ، ئاكا ، سەن مەندىن چوڭ ئۇنداق قىلما» دېگۈچە يەنە
ئىككى مۇشت تەگدى . كۆزۈمدىن ئوت چاقناپ كەتتى . ئاچ-
چىقىم نەدىن كەلدى بىلمەيمەن ، مەنمۇ بىرنەچچە مۇشت
ئاتتىم ، شاگىرتلىرىدىن ماڭا قول ياندۇرغان بىرىنى پەشۋا-
لىدىم . بىر چاغدا ھەممىسى ماڭا يالۋۇرۇپ كېتىشتى . بارات

ناۋايمۇ «خاپا بولما ، ئۇكا ، ھەممىسى ئويۇن - چاقچاق ، مانا ئوخشىغان نانلاردىن بىرنەچچىنى بالا - چاقاڭغا ئالغاچ كەت ، ھېلىقى قىزچىقىڭنى يوقلىغىنىم بولۇپ قالسۇن» دەيدۇ تې- خى . مەن «نانلىرىڭنى ئىت يېسۇن ، ئەگەر بالاڭ يەنە بالام- نى ئۇرىدىغان بولسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرستىمەن ، — دېدىم . ئۇ جىمىقىپ ناۋايخانىسىغا كىرىپ كەتتى» .

مەن ساقىيىپ مەكتەپكە باردىم . نۇرنىسانى مۇئەللىم باشقا پارتىغا يۆتكىۋېتىپتۇ . ئۇ تەنەپپۇسلاردا ، يوللاردا ماڭا چېقىلمايدىغان بولدى ، پەقەت بىر ھېيت كۈنى دۇكانچىنىڭ ئالدىدا ئۇكامغا ماتاڭ ئېلىپ بېرەي دەپ تۇرسام بەش— ئالتە خوتۇن ئاق پەرەنجە چۈمبەل يېپىنىپ كېتىۋاتقانىكەن ، بىرى چۈمبىلىنى ئاچتى ، يېنىدا نۇرنىسا تۇرغانىكەن . ئۇ مېنى ھېلىقى خوتۇنغا كۆرستىپ بىرنېمىلەرنى دېدى ، ئۇ خوتۇن ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كەتتى . مەن بۇنچىلىك يامان تىللار بىلەن ئۇ خوتۇن كىمنى تىللاۋاتقاندۇ دەپ ئويلاپ كەينىمگە قارىسام كەينىمدە ھېچكىم يوق . شۇ چاغدا دۇكاندار مەمەتئا- خۇن خەلپىتىم دېگەن كىشى ئۇلارغا نەسىھەت قىلدى .

— ھوي ، ئاچچىقىڭىزغا هاي بېرىڭ . بۇ دېگەن كىچىك بالا ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاغرىپ يېڭىلا ساقايدى .

— ئۆلسۇن ئەمىسە بۇ شۇم ، بالامنى بالاغا قويۇپ .

مەمەتئاخۇن خەلپىتىم بۇ بېشەم خوتۇنغا تەڭ كېلەلمەي ئارقىسىغا بۇرۇلدى . بۇ خوتۇن مېنى تىللاپ - تىللاپ يولىغا راۋان بولدى . بۇ ئىش ماڭا بەك هار كەلدى . سەھرادىكى تاغا - هاممىلىرىم ئېسىمگە كەلدى . سەھرادا بىرەرسىنىڭ مېنى رەنجىتكىنى يوق ئىدى . مەن كېسەلىمدىن ساقايدىم ، بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى .

ئوقۇشلار ئاخىرلىشىپ ئىمتىهانلار باشلاندى ؛ مەن دەرسلەرنى تەكرارلاشقا باشلىدىم . مەن ئىنگلىزچە ، يازمىچە ئىمتىهانلاردا 90 ، 100 نومۇرلار بىلەن سىنىپتىن سىنىپقا كۆچتۈم .

## سوفىيە ماخمۇت خانىم

بۇ قاراقاش ، قارا كۆز ، يۇمىلاق يۈزلۈك مۇئەللىمنىڭ ئىسمى سوفىيە ماخمۇت ، ئۇ بالىلارغا مۇلايىم مۇئامىلە قىلىدۇ . پات - پات بالىلارغا يالۋۇرغاندەك سۆزلەيدۇ :

— بالىلار ، مېنى خاپا قىلماڭلار . مېنىڭ كېسىلىم بار ،— دەيدۇ .

لېكىن بالىلار ياۋاش خانىمنى بوزەك قىلاتتىمىكىن ۋارقىراپ - جارقىراپ سىنىپنى بېشىغا كىيەتتى .

ئوقۇش كىتابىمىزدا ھېكايە ، چۆچەكلەر ، سامۇليۇت ، ۋىرتاليۇت دېگەن ئاتالغۇلار ، موسكۋادىن كىيىۋغىچە ماڭغان پويىز دېگەندەك جۈملىلەر ئۇچرايتتى . مەن بۇ ئاتالغۇلارنىڭ بەزىلىرىنى دادامدىن سورايتتىم ، دادام كىنوخانىدا ئىشلە-گەچكە بىلمەيدىغان ئىشى يوق ئىدى . دۇنيادىكى بارلىق مەشھۇر شەھەرلەر ، مەشھۇر زاتلار . بىرىنچى دۇنيا ، ئىك-كىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرى ھەققىدە خېلى بىر نېمىلەرنى بىلەتتى . دادام ماڭا بىلگىنىنى ئايماي دەپ بېرەتتى . مەن يەنە ھەر كۈنى كەچتە كىنو - تىياتىر كۆرەتتىم . كىنو كۆرۈپ كىنوخانىدىكى ئورۇندۇقتا ئۇخلاپ قالاتتىم . دادام كىنوخانىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ ئاندىن مېنى يېتىلەپ ئۇكام-نى كۆتۈرۈپ ئۆيگە راۋان بولاتتۇق . مەن كىنولاردا ئايروپى-

ـلان ، تىك ئۇچارلارنى ، دېڭىزدا قاتنايدىغان پاراخوت دېگەنـ
نى ، سوۋېت بىلەن گېرمان سوقۇشىنى ، لېنىن ، ستالىن
ۋە گېتلېرنى بىلەتتىم . پۇگاچېن ۋە ئۇنىڭ قوزغىلىڭىنى
بىلەتتىم ، مەن سىنىپتا مۇئەللىم سوئال سوراپ بولغۇچە
قولۇمنى كۆتۈرەتتىم ، مۇئەللىم سورىغانلىكى سوئاللارغا جاـ
ۋاب بېرەتتىم ، ھەتتا مۇئەللىم تېخى ئۆتمىگەن ماۋزۇلارنى
ئالدىن ئوقۇۋېلىپ جاۋابىنى تەييارلاپ تۇراتتىم . مۇئەللىم
يېڭى ماۋزۇنى ئوقۇپ بولۇشىغا قولۇمنى كۆتۈرۈپ ئۇ ھەقتە
چۈشەنگەنلىرىمنى ئېيتاتتىم ، مۇئەللىم ھەيران قالاتتى ، مېـ
نى ماختايتتى . بالىلارنىڭ كۆپلىرى ماڭا ئامراق ئىدى .
پەقەت يېشى چوڭراق بەزى قىزلار ياراتمىغاندەك ماڭا قاراپ
كۆز قىسىشاتتى .
— ئالدى پەش ، مۇئەللىم بىرنېمە دېگۈچە ئاغزىنى غېـ
ـرىچلاپ تۇرغان . يېتىم ئاقساقال ، نېمە بولسا ئارىلىشىپ
ئاقساقاللىق قىلىدۇ ، كىم قويدى ساڭا ئاقساقاللىقنى .
بالىلار ماڭا لەقەم قويۇۋالدى «يېتىم ئاقساقال» . مەن
قولۇمنى كۆتۈرگۈچە بەزىلەر غۇدۇرايتتى .
— «يېتىم ئاقساقال» قول كۆتۈردى .
بەزى بالىلار ماڭا يان باساتتى :
— تىللىماڭلار . بۇنىڭ سىلەرگە ياردىمى تەگسە تەگدى ،
زىيىنى تەگمىدىغۇ .
— تاپشۇرۇقنى ئىشلىيەلمىسەڭلار شۇنىڭدىن سورايسىـ
لەرغۇ .
بالىلار جىم بولۇشاتتى . مەنمۇ بالىلاردىن ياردىمىنى
ئايىمايتتىم ، لېكىن ئىمتىھانلاردا كۆچۈرۈشكە يول قويمايتـ
تىم . ئۇ مېنىڭ مىزانىم ئىدى . بۇ مۇئەللىمنىڭ تاپشۇرۇقى

ئىدى . مۇئەللىم كۆچۈرمىكەشلەرگە يول قويمايتتى . مەنمۇ ھەم شۇنداق ئىدىم .

مۇئەللىمنىڭ «كۆچۈرمىكەشلەر ئۆزى ئۆزىگە دۇشمەنـ لىك قىلىدۇ ، ئۇنىڭغا كىمكى كۆچۈرۈشكە يول قويسا ئۇنى ياخشى ئوقۇغۇچى دېگىلى بولمايدۇ» دېگەن سۆزى مېڭەمگە سىڭىپ كەتكەنىدى . ئۆمۈر بويى ئىمتىھانلاردا كۆچۈرۈشنى ئار ـ نومۇس بىلىپ ئۆتتۈم . باشقىلارنىڭمۇ ئىمتىھانلاردا بىرەر جۈملە كۆچۈرۈشكە يول قويمىدىم ، بۇ ئىشىمنى بەزىـ لەر ياخشى كۆرسە ، بەزىلەر ياخشى كۆرمەيتتى .

ئوقۇشلار ئاياغلاشتى . مۇئەللىم بىزنى دەرس تەكرارـ لاش ئۈچۈن تۈمەن دەرياسى بويىغا ، دەرەخزارلىق سايە ، سالقىن قىرغاقتا ئېلىپ باردى . تۈمەن دەرياسىنىڭ قىزغۇچ سۈيى دولقۇنلاپ ئاقماقتا . بوۋامنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ تۈمەن يىللاردىن بېرى گۈزەل قەشقەر دىيارىنى بويلاپ ئاقىدىكەن ، قەدىمدە بۇ دىياردا تۈمەنخان دېگەن باھادىرخان ئۆتكەنىكەن ، ئۇ بۇ يۇرتنى ياۋدىن قوغداش يولىدا كۆپ كۈچ ـ جاسارەت كۆرسەتكەنىكەن . دەرياغا تۈمەن دېگەن نام ئاشۇ باتۇر خاننىڭ نامىغا قويۇلغانىكەن . بۇ دەريانىڭ سۈيىنى ، قاتار ـ قاتار سۆگەتلىرىنى چىن يۈرەكتىن سۆيەتتىم . مەن ھەر يىلى يازدا دادام ۋە ئۇكىلىرىم بىلەن بۇ يەرگە ئويناشقا كېلەتتىم ، مەن بۇ يەردە ئويناپ ـ ئويناپ ھارمايتتىم .

بۈگۈن مەن ساۋاقداش دوستلىرىم بىلەن بۇ يەردە بىر — ئىككى سائەت دەرس تەكرارلىدىم . خانىم مۇزاكىرە قىلىپ بەردى ، تۆت ئەتراپقا قاراپ خانىمنىڭ گەپلىرى قۇلىـ قىمىزغا كىرمىدى . خانىم بىر چاغدا بىزگە يېرىم سائەت ئويناشقا رۇخسەت قىلدى . بىز دەپتەر ، كىتابنى قىرغاققا

تاشلاپ ، ئاياغلىرىمىزنى يېشىپ پۇچقاقلىرىمىزنى تۇرۇپ سۇغا ئۆزىمىزنى ئاتتۇق . كۆلچەكچىلىكلا سۇغا چۆمۈلدۇق ، كېيىملىرىمىزنى يېشىشكە ئۇيۇلاتتۇق . نېمىشقىدۇر كىچىك بالا بولساقمۇ ئاتا - ئانىمىز بىزگە بۇنىڭ خىجىل بولۇشقا تېگىشلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغانىدى . شۇڭا بىز كىيىملىرىمىز بىلەنلا سۇدا ئوينىدۇق . قىرغاقتا چىققاندىن كېيىن چاتقاللارنىڭ دالدىسىدا ئولتۇرۇپ كىيىملىرىمىزنى سىقتۇق . قارىساق كۈن چۈشتىن قايرىلىپتۇ ، ياۋاش سوفىيە خانىم قىرغاقتا بىزنىڭ كىيىم - كېچەك ، دەپتەر - قەلەملىرىمىزنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ . بىز دەپتەر ، قەلەم ، نەرسە - كېرەكلىرىمىزنى ئالدۇق . تۇمەن دەرياسىنىڭ ساپ ھاۋالىق قىرغىقىدىن ئايرىلىپ ، سەپ - سەپ بولۇپ مەكتەپكە قايتتۇق ، كوچىدا قاتارلىشىپ كېتىۋېتىپ ئۆزىمىزنىڭ ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىمىزدىن پەخىرلەندۇق . سۆيۈملۈك ، كۆيۈمچان ئۇستازىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتتۇق . يىللىق ئىمتىھانلار ئاياغلاشتى . مەن ئۆزۈمنىڭ ئەلا نەتىجە بىلەن سىنىپقا كۆچكەنلىكىمنى ئاڭلاپ خۇشال بولدۇم . ساۋاقداشلىرىم مېنىڭ «ئەلاچى ئوقۇغۇچى» بولغانلىقىمنى تەبرىكلەشتى .

## يازلىق تەتىل كۈنلىرى

يازلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلدى ، نەقمۇ نەق توقسان كۈن . تاپشۇرۇقلار كۆپ ئەمەس ئىدى ، ئىشلەپلا قۇتۇلماقچى بولدۇم ، ئۈچ - تۆت كۈنگىچە باش كۆتۈرمەي تاپشۇرۇق

ئىشلىدىم . ئۇ چاغدا ئېلېكتر چىراغلار يوق ئىدى ، پەنەر دەپ ئاتىلىدىغان شىشىلىك چىراغ بار ئىدى . كۈندۈزى ئىش- لەپ تۈگىتەلمىگەن تاپشۇرۇقلارنى ئاخشىمى ئۇنىنچى نومۇر- لۇق پەنەرنىڭ يورۇقىدا ئۆيدىكى يۇمىلاق شىرەنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ ئىشلەيتتىم ، ئانام ئوچاق بېشىدا بىر ئىشلارنى قىلاتتى ، دادام مېنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقىنىمنى زوق بى- لەن تاماشا قىلاتتى . بەزىدە كىچىك ئۇكام دەپتەرلىرىمنى تارتىپ مېنى خاپا قىلسا ، دادام ئانامغا ۋارقىرايتتى :

— بالىنى نېرىراق قىلساڭچۇ ، گۈلۈمنىڭ دەرس تەك- رارلىشىغا تەسىر يېتىدۇ ،— دەيتتى .

ئانام دەرھال ئۇكامنى ئېلىپ پەپىلەپ ئۇخلىتىشقا باش- لايتتى .

بەزىدە دادام «كىتابىڭدا نېمە يېزىلىپتۇ ، ئوقۇپ بەرگى- نە» دەيتتى . بىر كۈنى مەن باغۋەنىنىڭ بېغىغا ئوغرىلىققا كىرىپ قۇيرۇقى ئۈزۈلگەن تۈلكە توغرىسىدىكى مەسەلنى ئوقۇپ بەردىم ، دادام زوقلىنىپ كۈلدى ، ئانام ئەجەبلەندى .

— توۋا ، كىتاب دېگەنگە ھەممە نەرسىنى يازىدىكەن - ھە ،— دېدى ئۇ .

شۇنىڭدىن كېيىن قۇيرۇقى يوق تۈلكە توغرىسىدىكى مەسەل بىزنىڭ ئۆيدە كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان بولدى ، مەھەل- لىمىزدە بىر بالا بولىدىغان ، ئۆگزىمۇ ئۆگزە يۈرۈپ خەقنىڭ كەپتەر ، توخۇلىرىنى ئوغرىلايتتى . بىر كۈنى ئۇ بىزنىڭ ھويلىنىڭ ئۈجمىسىگە يامىشىپ (بۇ ئۈجمە دەرىخى بەك چوڭ بولغاچقا شاخلىرى خەقنىڭ ئۆگزىسىگىچە يېيىلغانىدى ) ئۆگزىمىزگە چىقماقچى ۋە دادام بېقىۋاتقان ئۈنلەمچى كەپتەر- لەرنى ئوغرىلىماقچى بولغانىكەن . شاخ سۇنۇپ كېتىپ ھوي-

لىمىزغا يىقىلىپ كېتىپ بىر پۇتى سۇنۇپ كەتتى . بىز ئۇنىڭغا «قۇيرۇقسىز تۈلكە» دەپ ئات قويدۇق . دادام ھەممىمىزگە نەسىھەت قىلىپ : «ھەرگىز خەقنىڭ قىل چاغلىق نەرسىسىگە قارا سانىماسلىق كېرەك . ئەگەر قارا سانىساڭلار قۇيرۇقسىز تۈلكىنىڭ ئەھۋالىغا قالىسىلەر» دەيتتى . دادامنىڭ نەسىھەتلىرى بىزنىڭ مەڭگۈ ئېسىمىزدە ساقلىنىپ قالدى .

يازلىق تەتىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قوشنىمىز ئانام ۋە بىزلەرنى يېزىدىكى باغ ھويلىسىغا مېھماندارچىلىققا ئېيتتى ، بىز ئۇ يەرگە چىقىپ ھەپتە مېھمان بولدۇق . كېيىن دادام شەھەردىن ئات قېتىلغان مەپە ئېلىپ چىقىپ ئانام ۋە ئۇكىلىرىمنى شەھەرگە ئەكىرىپ كەتتى . مېنىڭمۇ كىرىپ كەتكۈم بار ئىدى ، چۈنكى دوست ـ ئاداشلىرىم شەھەردە قالغان بولۇپ ، بۇ يەردە ئاداشلىرىممۇ يوق ئىدى . لېكىن ئۇرايىم بەگ ۋە ئۇنىڭ ئايالى ھاشىخان ئاچام مېنى ئويناپ كەتكىن دەپ ئېلىپ قالدى . مەن ئۇ يەردە غېرىبسىنىپ قالدىم ، يىغلىغۇم كېلىپلا تۇراتتى . تاكى ئۇرايىم بەگ تالادىن كىرىپ مەسە ، كالاچ ، تون سەرپايلىرىنى سېلىپ تاشلاپ ھويلىدا سەيپۇڭچىلىق قىلىشقا باشلىغاندا ، ئۇنىڭ چېۋەر قوللىرىنىڭ ماشىنىنى قانداق چۆرۈپ كۆڭلەك ، چاپانلارنى ئەپچىللىك بىلەن تىككەنلىكىگە قاراپ زوقلانغىنىمدىن ھەممىنى ئۇنتۇيتتىم . دادامنىڭ دېيىشىچە بۇ ئادەم ئازادلىقتىن بۇرۇن قېچىچى دېگەن يۇرتقا بەگ بولغانىكەن . ئازادلىقتىن كېيىن بەگلىكتىن ئايرىلىپ پۇقرا بولۇپتۇ ، ياز كۈنلىرىنى يېزىدا دېھقانچىلىق بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن ، كۈزلۈك ئورۇملار يىغىلغاندىن كېيىن شەھەردىكى ئۆستەڭبويى مەھەللىسىدىكى

ئۈچ قەۋەتلىك قەدىمىي ئۆيگە كىرىپ سەيپۇڭچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن، ئۇنىڭ ئىسمايىلئاخۇن دېگەن ئوغلى ئەدەپ - ئەخلاقلىق، ياۋاش ياخشى ئادەم ئىدى. ئۇمۇ ئۇستا سەيپۇڭ ئىدى، دادىسى رەختلەرنى كېسىپ بېرىپ، ئىشنىڭ ئالدىدىكى ئېرىق بويىغا چىقىۋېلىپ، قىرغاققا دۈۋىلەپ قويۇلغان لىم ياغاچلارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆتكەن - كەچكەنلەر بىلەن سالاملىشاتتى. لېكىن ھېچكىمگە ئورنىدىن تۇرمايتتى. بەزىلەرگە چاقچاق قىلاتتى. ھەممە ئادەم ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى، ئېگىلىپ سالام بېرەتتى. ئۇمۇ سالاملارنى كۈلۈپ ئالاتتى.

ئىسمايىلئاخۇن شىلدىرلىتىپ ماشىنا تېپەتتى. بىر بالىلار ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا بەك قىزىقاتتۇق، ئەتراپىغا ئولىشاتتۇق.

مەن قېچىپچىدا ئىككى ھەپتىچە تۇرۇپ قالدىم. ئەگەر ئۇرايىم بەگنىڭ كېلىنى ئاسىمخان بولمىغان بولسا قانداق قىلار ئىدىمكىنتاڭ، ئانامنىڭ دېيىشىچە ئۇرايىم بەگنىڭ بۇ كېلىنى شەھەرلىك بىر كەمبەغەلنىڭ قىزى ئىكەن، قاش - كۆزلىرى قاپقارا، چىرايلىق بۇ ئايال شەھەردىن سەھراغا چىققانىدى. سەھرانىڭ ئەلمى - تەلىمىنى خېلى ئېلىپ قالغانىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۇرايىم بەگ تال باراڭدىكى ئاچچىق توك ئۈزۈمنى سىقىپ ئاغزىمغا سۈيىنى تېمىتاتتى. مەن چۆچۈپ ئويغىناتتىم - دە، ئۆمچىيىپ يىغلاشقا تەييارلىناتتىم. ئۇ ئىمۇرقتىن (ساپال چۆگۈن) سۇ قۇيۇپ ھۆل قوللىرى بىلەن يۈزۈمنى سىيپايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيقۇم ئېچىلاتتى. ئاسىمخان ئاچام بىر سېۋەتنى كۆتۈرۈپ باغقا ئۈزۈم ئېلىشقا كىرەتتى، مەنمۇ بىللە كىرەتتىم.

تال باراڭلاردا پىشىپ كەتكەن ئۈزۈملەر قىزىرىپ ، شاخلىرى ئېگىلىپ كەتكەن ئانارلار ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى . بېھىلار سارغايغان بولسىمۇ ، لېكىن تۈكلىرىدىن ئايرىلمىغاندى . ئۈنىڭ پىششىغا تېخى خېلى ۋاقىت بار ئىكەن . بىرنى ئۈزۈپ يەپ باقسام تىلىمنى قورىدى . ئەنجۈرلەر پىشىپ سارغايغان ، ئاسمخاننىڭ دېيىشىچە بۇ بىرىنچى پىشىمى ئىكەن . قوتۇر ئامۇتلار پىشىپ مەي باغلاپ كەتكەندى . ئۇرايىم بەگنىڭ خوتۇنى ھاشىخان ئاچام بىزنى «مېۋىلەرنى قالايمىقان ئۈزمەڭلار» دەپ جېكىلەيتتى . ئۇرايىم بەگ بولسا بىزنى مېۋىلەر بىلەن مېھمان قىلاتتى ، قوغۇن پىچىپ بېرەتتى ، ئامۇتلارنى قېقىپ چۈشۈرۈپ بېرەتتى . پەقەت ھاشىخان ئاچاملا قاپىقىنى ئاچماي «بۇنداق يەۋەرسە نېمە توشايدۇ بۇلارغا» دەپ غودۇڭشىيتتى . مەن دەل ـ دەرەخلەرگە يامىشالمايتتىم ، سەھرا بالىلىرىدەك چاققان ئەمەس ئىدىم . مېۋىلەرگە بويۇم يەتمەيتتى . ئاسىمخان ئاچام ماڭا تاياق بىلەن مېۋە قېقىپ چۈشۈرۈپ بېرەتتى . ئاسىمخان ئاچام مېۋىگە بەك ئامراق ئىدى . ئۇ ئامۇت ، ئۈزۈملەرنى يەپ ھارمايتتى . شۆپۈكىنى تال باراڭنىڭ ئۈستىگە چۆرۈۋېتەتتى .

ـ نېمىشقا بۇنداق قىلىلا؟ — دەپ سورايتتىم مەن .

ـ يەرگە تاشلىسام ھاشىخاچاڭ كۆرۈپ قالسا غودۇرايدۇ . پىخسىق قېرى ، گۆرىگە ئەكىتەمدىكىنتاڭ ، — دەيتتى .

ھاشىخان ئاچام مېۋىلەرنى گۆرىگە ئەكېتىپ يەمدىغاندۇ ، دەپ ئويلايتتىم .

بىر كۈنى ئاسىمخان ئاچام بىلەن گىلەم يۇغىلى ئۆستەڭ بويىغا باردىم . قايسى ئۆستەڭ ئىدىكىن تاشلىق يەردە سۈمۈسۈپسۈزۈك يېيىلىپ ئاقاتتى . بىز گىلەمنى ئۆستەڭگە تاش-

لاپ دەسسەپ يۈيدۈق ، سۈزۈپ ئاچىقىپ تاشلىق قىرغاققا
يايدۇق . كېيىن ئۆزىمىز سۇغا چۆمۈلۈپ تازا ئوينىدۇق .
ئەتراپتا جىغانلار ، جىگدىلەر ، تال تېرەكلەر قويۇق ئورمان
پەيدا قىلغان بولۇپ ، ئاسىمخان ئاچامنىڭ دېيىشىچە بۇ يەر-
لەردىن ئۇچار قۇشمۇ ئۆتەلمەيمىش ، لېكىن قارىسام تالліق-
لاردا ، ئاسماندا ئۇچار قۇشلار ئۇچۇپ يۈرەتتى . ئۇلار قانداق
ئۆتكەندۇ دەپ ئويلاپ قالدىم .
ئاسىمخان ئاچام قىپيالىڭاچ بولۇۋېلىپ سۇ ئۈزدى .
ئوڭدا ۋە پاقىچىلاپ ئۈزدى ، ئۇ مېنىڭمۇ كىيىممنى يېشىپ
سۇ ئۈزۈشكە ئۆگەتمەكچى بولدى . بېلىمدىن تۇتۇۋېلىپ
پۇت - قولۇمنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە بۇيرۇدى . مەن ئۇنىڭ
دېگىنىچە قىلدىم . لېكىن ئۇ بېلىمنى قويۇۋېدى ، سۇغا
چۆكۈپ ئاغزى - بۇرنۇمغا سۇ كىرىپ كەتتى . مەن دەررۇ
ئۆرە تۇرۇۋالدىم . سۇ بېلىمگىچە كېلەتتى . مەن ئۇنىڭ پاقى-
دەك ، يىلاندەك بولۇۋېلىپ ئۈزگىنىگە ھەۋەسلەندىم . مەنمۇ
ئۇنى دوراپ قولۇمنى سۇدا ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئالدىمغا قاراپ
ئۈزدۈم ، لېكىن پۇتۇم سۇنىڭ ئاستىدىكى تاشلارغا دەسسەپ
تۇراتتى .
بىر كۈنى دادام مەپە ھارۋا ئاچىقتى ، ھارۋىغا ھاشىخان
ئاچام ، ئاسىمخان ئاچام ۋە مەن چىقتۇق . دادام ھارۋىكەش-
نىڭ قېشىدا ئالدىدا ئولتۇردى ، ئۇرايىم بەگ ئاتلىق بىز
بىلەن بىردەم ياندىشىپ ماڭغاندىن كېيىن دادام بىلەن خوش-
لىشىپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى .
يول بويىدىكى دەل - دەرەخلەر ، شوخ ئويناق سۇلار ،
شاللىقلاردا يەلپۈنۈپ تۇرغان شال مايسىلىرى مېنى مەھلىيا
قىلىۋالدى ، مەن مەپىنىڭ پەنجىرىسىدىن سىرتقا قاراپ توي-
مايتتىم .

# ئوغرى بىلەن ئۇچرىشىش

بىر كۈنى دادام مېھمان چاقىرماقچى بولدى. دادام ئۈچ - تۆت ئاغىنىسىنى مېھمان قىلىدىكەن. ئۇ بىزنى ئۆيگە گۆش ئاپىرىپ بېرىشنى ئېيتتى. بىز ئۈكام ئىككىمىز ئون جىڭ گۆشنى يوغان ياغلىققا ئوراپ تاياققا ئۆتكۈزدۇق. ئوردا ئالدىدىن چىقىپ ھېيتگاھقا كەلدۇق. مەدداھلارنىڭ رىۋايەتلىرىنى ئاڭلىدۇق. بىر مەدداھ قايسىدۇر بىر رىۋايەتنى سۆزلەۋاتاتتى. «ئۇنى پارچىلاپ كانارىغا ئاستىلەر» دېگەن سۆزنى ئېيتىشى بىلەن قورقۇپ يۈرەكلىرىمىز سېلىپ كەتتى. مەدداھ بىر گۇناھسىز كىشىنى يامان كىشىلەرنىڭ سويۇپ كانارغا ئاسقانلىقىنى سۆزلەۋاتاتتى. بىز تۈنۈگۈنمۇ رىۋايەتنىڭ ئەنە شۇ يېرىنى ئاڭلاپ قورقۇپ قېچىپ كەتكەندۇق. بۈگۈنمۇ دەل شۇ يېرىگە توغرا كەپتىمىز. ئۈكامنىڭ پۇتلىرى تىترەپ رەڭگى ساماندەك سارغىيىپ، كۆزلىرى پىلىلداپ قالدى. ئۇ ھوشىدىن كېتىدىغاندەكلا تۇراتتى. مەن ئۈكامنى يۆلەپ گۆشنى يۈدۈپ ئۆيگە قاراپ يولغا چىقتىم. ھېيتگاھ جامەسىنىڭ يان دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا بىر مەسچىت بولىدىغان، شۇ مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى پەشتاقتا ئولتۇرۇپ سايىدە بىردەم ئارام ئالدۇق، يېنىمىزغا ئۇزۇنتۇرا، ئاۋاق، يىرتىق ئاق تۇماق كىيگەن بىر ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ:

— باللار گۆشنى نەگە ئەكېتىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆيگە .
— ئۆيۈڭلار نەدە ؟
— ئۆستەڭبويىدا .
— قوشناڭلار كىم ؟
— ئۇرايىم بەگ .
— ھە ھېلىقى سېمىز ، يۈزلىرى قىزىل ئۇرايىم بەگـ
مۇ ، ئۇنىڭ ھاشىخاچام دەپ خوتۇنى بار ـ ھە .
— ھەئە ھاشىخاچام ، ھاشىخاچام ،— دەپ چۇرۇقلىشىپ
كەتتۇق بىز .
— باللار ھېرىپ قالغاندەك تۇرىسلەر ، مەن گۆشنى
ئۆيۈڭلارغا تېزرەك ئاپىرىپ بېرەي . ھە راست داداڭلارنىڭ
ئېتى نېمە ئىدى ؟
— ھۇسىيىنئاخۇن ، ھېلىقى كىنوخانىدا ئېلان توۋلايدىـ
غان .
— ھە ، ھە ، ھە ، ھېلىقى ، بۈگۈن كۈلۈبىمىزدا «چاپاـ
يوف دېگەن كىنو قويۇلىدۇ» دەپ توۋلايدىغان ھۇسىيىنئاـ
خۇن .
— ھەئە ، شۇ مېنىڭ دادام... مېنىڭ دادام...
— ئۇنداق بولسا گۆشنى مەن ئۆيگە تېزرەك ئاپىرىپ
بېرەي ، بۇ چاغقىچە مېھمانلارمۇ كېلىپ قالغاندۇ .
بۇ ئادەم راستتىنلا مېنىڭ دادامنى ، ئۇرايىم بەگنى ،
ھاشىخان ئاچامنى ، بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە كېلىدىغان مېھمانـ
نى بىلىدىكەن . مەن ئۇكامغا قارىدىم ، مەن گۆشنى ھېلىقى
ئادەمگە بېرىشنى ئېيتتىم . ئۇ گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى .
ھېلىقى ئادەم يانچۇقىدىن بىر دانە چۈمبەلنى چىقاردى .

— مۇنۇ چۇمبەل ھاشىخاچامنىڭ ئىدى . سىلەر تۇتۇپ تۇرۇڭلار . مەن كەلگەندىن كېيىن ئۆزۈمگە بېرىڭلار . باشقا كىشىگە بېرىپ قويماڭلار . مەن ھاشىخاچامغا ئاپىرىپ بېرىمەن ،— دېدى ئۇ .

بىز ماقۇل ئىشارىسىگە بېشىمىزنى لىڭشىتتۇق . ئۇ ئادەم گۆشنى كۆتۈرۈپ بىزنىڭ مەھەللە تەرەپكە كەتتى . بىز ئاخۇنۇم جىجىق دەپ ئاتىلىدىغان بىر مويسىپىت ئادەمنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان باللار توپىغا قوشۇلدۇق . ئۇ ئادەم بەقەسەمدىن تىكىلگەن تون چاپان ، كەمچەت تۇماق كىيگەنىدى . ئۇنىڭ ئالدىغا قانداقلا ئادەم بىر سىزىق سىزىپ قويىدىغان بولسا پىتىرلاپ سەكرەپ بىرنېمىلەرنى دەپ قاقشاپ كېتەتتى . لېكىن ھېلىقى سىزىقتىن ئۆتەلمەيتتى . مەسە كالاچ كىيگەن پۇتلىرى سىزىقنىڭ قېشىغا كېلىپلا قالسا تىترەپ كېتەتتى . باللىق نادانلىق . بىز ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئاستىغا سىزىق سىزغان بەڭۋاشلارنىڭ ئارىسىدا خېلى ۋاقىتچە سەكرەپ ئوينىدۇق ، بىر بوۋاي بىر تال مەدەكنى ئېلىپ يەردىكى سىزىقلارنى ئۆچۈرۈۋەتتى ۋە باللارنى قوغلىۋەتتى . ئاخۇنۇم جىجىق ئەمدى يولغا چىقىپ باللارنى قوغلاپ كەتتى . ھەممە باللار قورسىقى ئېچىپ ئۆيگە قايتقۇچە شۇ يەردە چېپىپ يۈردۇق . كېيىن ئۇكام قورسىقىم ئېچىپ كەتتى دەپ يىغلاشقا باشلىدى . ئاندىن ئۇكامنى يېتىلەپ ئۆيگە قايتتىم . ئۆيگە كەلسەك مېھمانلار ئاللىقاچان ئۇزاپ كېتىپتۇ . ئانام ئۆي ئىچىنى يىغىشتۇرۇۋاتقانىكەن .

دادام بىزدىن ئاچچىقى بىلەن سورىدى :

— نەدە يۈرۈشتۈڭ ، گۆش قېنى ؟

— بىز ... بىز ... ئۇنى ئەۋەتىۋەتكەن .
— كىمدىن ؟
— ھېلىقى يىرتىق ئاق تۇماق كىيگەن ئادەمدىن .
— ئۇ نېمە ئادەمكەن ؟
— ئۇ ئۇرايىم بەگنى تونۇيدىكەن .
— ئۇ ھاشىخاچامنىمۇ تونۇيدىكەن .
— ھاشىخاچامنىڭ چومبىلىنى بىزگە بېرىپ تۇرغان ئىدى .
مەن چومبەلنى يانچۇقۇمدىن چىقىرىپ ھاشىخان ئاچامغا بەردىم . ئۇ چومبەلنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى ، بېشىنى ئىغاڭلاتتى .
— مېنىڭ ئەمەس ،— دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ
تۆردە چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان ئۇرايىم بەگ نېمە گەپ ئىكەنلىكىنى سورىدى . بىز ھېلىقى ئادەم ۋە چومبەل توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردۇق . ھاشىخان ئاچام بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان كەلسىلا ئانامغا قارىشاتتى . ئۇ قولىدىكى چومبەلنى ئۆرۈپ چۆرۈپ ھەيران بولدى ۋە كۈلۈپ كەتتى .
ئۇرايىم بەگ بىزدىن جىق گەپ كوچىلىدى . بىز ئۇ ئادەمنىڭ تەقى - تۇرقىنى قايتا - قايتا ئېيتىپ بەردۇق . ئۇ ئادەمنى ھېچكىم كۆرمىگەنىكەن . ھېچكىم ئېسىگە ئالالمىدى .
— ئۇ ئوغرى ئوخشايدۇ ،— دېدى دادام .
— ئۇ گۆشنى ئەكېلىۋاتقاندۇ ،— دېدىم مەن ، — ئۇ ياخشى ئادەم ئىكەن . بىزنى ھېرىپ كەتتى دەپ ئۆزى كۆتۈرۈپ كەتكەنىدى .

— راست ياخشى ئادەم ئىكەن ،— دېدى ئۇرايىم بەگ قاقاقلاپ كۈلۈپ ،— قارىغاندا ھاشىخاچاڭنىڭ ئاشنىسى ئوخشايدۇ . چۈمبەل ئەۋەتىپتۇ ئەمەسمۇ .

دادام ، ئانام ، ئۇرايىم بەگ ، ھاشىخاچاملار ئۆگزىنى ئېچىۋەتكۈدەك قاتتىق كۈلۈشتى .

مەن ئەجەبلەندىم . ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە بۇ ئىش ئېسىمگە كەلسە «ئۇ ئادەم ئۆيىمىزنى تاپالماي بىرەر يەردە ئېزىقىپ يۈرەمدىغاندۇ» دەپ ئويلايتتىم . ئوغرى دېگەن ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاشمايدۇ ، چوقۇم ئۇنىڭ مۈڭگۈزى ياكى ئۇزۇن قۇلىقى بولىدۇ . قولىمۇ ھەممە ئادەمنىڭكىدىن ئۇزۇن بولىدۇ . ئۇ ئادەم ئوغرىغا ھېچ ئوخشاشمايدۇ دەپ ئويلاپ يۈردۈم . ئۇ ئادەمنىڭ بىزنى ئالداپ گۆشنى ئەپقېچىپ كەتكىنىگە خېلى يىللارغىچە ئىشەنمەي يۈردۈم .

## تۇرمىگە بېرىپ دادامنى يوقلاش

خالىدەم دېگەن بىر دوستۇم بار ئىدى . ئۇنىڭ ئانىسى خەيرىنىسا ئاچام دوختۇرخانىدا ئاياللار بۆلۈمىدە ئىشلەيتتى . ئۇ ئۇزۇن چاچلىق ئاق پىشماق كەلگەن ئايال ئىدى . ئۇ ئاپىسى بىلەن ئازادە بىر ھويلىدا ئولتۇراتتى . بىر كۈنلىرى خالىدەم يىغلاپ بىزنىڭ ھويلىغا كىرىپ كەلدى . ئاڭلىساق ئۇنىڭ دادىسىنى ئەكسىلئىنقىلابچى دەپ تۇرمىگە قاماپ قويۇپتۇ . ئەكسىلئىنقىلابچى دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتۇق . لېكىن خالىدەمنىڭ دادىسىنىڭ جىنساجۇيدە (قەشقەر ھېيتگاھدىكى ساقچى ئورنىنى خەلق شۇنداق ئاتايتتى )

قامىلىپ ياتقانلىقىنى ، ئۇ يەرنىڭ ئىشىكلىرىنى مىلتىق كۆ-تۈرگەن ساقچىلار ساقلايدىغانلىقىنى ، ئۇ ئىشىكتىن كىرگەن-لەرگە ساقچىلارنىڭ تىك تۇرۇپ سالام بېرىدىغانلىقىنى (بەل-كىم ئۇلار ساقچى باشلىقى بولسا كېرەك) كۆرگەنىدۇق . مەن كۆڭلۈمدە «تۈرمە دېگەن بىر ياخشى يەر بولسا كېرەك ، شۇڭا ئۇنى ساقچىلار ساقلايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالاتتىم .

ھەر كۈنى دېگۈدەك خالىدەم مومىسى زىۋىدىخان ئېتىپ بەرگەن تاماقنى كۆتۈرۈپ تۈرمىگە باراتتى . مېنىمۇ بىللە بارغىن دەيتتى . مەنمۇ بىللە باراتتىم . كېيىن ئۇ تاماق توشۇماس بولدى . خالىدەمنىڭ دېيىشىچە دادىسىنى ئۈرۈم-چىگە يۆتكەپ كېتىپتۇمىش .

— ئۈرۈمچى دېگەن قانداق يەردۇ ؟ — دەپ سورىدىم مەن .

— ئۇ تاغنىڭ ئۇستىدىكى شەھەرمىش ، — دېدى خالىدەم .

مېنىڭ كۆز ئالدىمغا تاغلارنىڭ ئۇستىدىكى ئايۋان ، ساراي ، پېشايۋانلار ، مېۋىزارلىق باغلار كەلدى . خالىدەم-نىڭ دادىسى ئەجەب ياخشى يەرگە يۆتكىلىپ كېتىپتۇ ، دەپ ھەۋەسلەندىم .

بىر كۈنى كىنوخانىدا قىزىق بىر دراما قويۇلىدىكەن . دادام ، ئانام مەن ۋە ئۇكام ئۇچىمىزنى تىياتىرخانىغا بۇرۇنلا ئاپىرىپ ئۇچىنچى رەتتە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى . ياخشى كىنو - تىياتىر قويۇلسىلا بىز ئەڭ ياخشى ئورۇندا ئولتۇرۇپ كىنو - تىياتىر كۆرەتتۇق . باشقىلار دادامنى ھۆسىيىن شەيخ دەيتتى . نېمىشقا بۇنداق دەيدىغاندۇ . دادامغا

نىمىشقا لەقەم قويۇۋالغاندۇ ، دەپ خاپا بولۇپ ئانامدىن سورىسام كۈلۈپ كەتتى .

— بۇنداق دېگىنى مۇشۇ يەرنى سەن باشقۇرىسەن . مۇشۇ كۈلۈبنىڭ شەيخى سەن دېگىنى ،— دېدى . شۇنىڭدىن كېيىن مەن دادامنى شەھەردىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك بىنانىڭ ئىگىسى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم . چۈنكى دادام كىنوخانىغا كىرىدىغان ـ چىقىدىغانلارنى باشقۇراتتى . پۈتۈن ئىشىكلەرنىڭ ئاچقۇچى دادامدا ئىدى .

بىز ئۇ كۈنى گازىر چېقىپ ، دوغاپ ئىچكەچ ئويۇننىڭ باشلىنىشىنى كۈتمەكتە ئىدۇق . پۈتۈن زال ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ، كۈلكە ـ چۇقانلارغا تولغانىدى . بىر چاغدا تىياتىر باشلاندى . كىمدۇر بىرى كېلىپ بىر سېمىز ئايالنى ئانامنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى . ئانام بولسا ياۋاش خوتۇن بولغاچقا ئۈنچىقمايلا ئۇكامنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ ئۇكامنى قۇچىقىغا ئېلىۋالدى . بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئادەم يەنە بىر خوتۇننى باشلاپ كېلىپ يەنە ئانامنى تۇرغۇزۇۋېتىپ ئانامنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى ، ئانام بۇ قېتىم مېنىڭ ئورنۇمغا ئۆتتى . مەن ئۆرە تۇرۇپ قالغاچقا ئالدىغا كېتىپ يەردە ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرۈشكە باشلىدىم . بىر چاغدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ، قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈلدى . مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىسام ئۈچ خوتۇن بىز ئولتۇرغان ئورۇندا ئولتۇرۇپتۇ . ئانام كۆرۈنمەيتتى . بىر چاغدا دادام قولىدا چىنە ـ چەينەك كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلدى ، مېنى كۆرۈپ ئانامنى سورىدى ، مەن مېنىڭ ئورنۇمدا خوتۇنلار ئولتۇرۇۋالغاچقا ئالدىغا كەتكەنلىكىمنى ئېيتتىم . دادام ھېلىقى ئۈچ خوتۇندىن ئانامنى سورىدى ، ئۇلار ئۈندىمىدى . دادام پەسكە قاراپ چۆچۈپ

كەتتى . ھېلىقى خوتۇنلارنى تارتىپ تۇرغۇزۇۋېتىپ يەردىن ئانامنى كۆتۈرۈپ ئالدى . ئانام ھوشىدىن كەتكەنىدى . يۈز - كۆزلىرى تاياق ئىزلىرى بىلەن تولۇپ ، رەڭگىرويى ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى . شۇ ئارىلىقتا ھېلىقى خوتۇنلارنى ئولتۇرغۇزۇپ قويغان ئادەم كەلدى . دادام بىلەن تاكاللاشتى . ئۇ دادامنى ئۇردى . دادام ئانامنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۇنىڭ بىلەن مۇشتلاشتى . قىزىق ئىش ، تاپانچا ئاسقان ساقچى باشلىقى (باشقىلار ئۇنى جۇيجاڭ دەيدىكەن ) دادامدىن پەشۋا يەپ ئانام يىقىلغان يەرگە يىقىلدى . شۇ ئارىلىقتا يەنە بىرنەچچە ساقچى يېتىپ كەلدى . ئۇلار دادامنى ، ئانامنى ساقچىغا ئېلىپ كەتتى . ئۇكام ئىككىمىز يىغلاپ ئۇلارغا ئەگەشتۇق ، ئۇلار دادامنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچىدىكى بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى ، بىزمۇ بۇ ئۆيگە كىردۇق . ساقچى باشلىقى بولسا كېرەك ، بىرى ئانامدىن گەپ سورىدى . ئانام تېخى ھوشىغا كەلمىگەنىدى . ئۇ جاۋاب بېرەلمىدى . بىردەمدە بىرنەچچە گۇۋاھچىلارنى ساقچى ئېلىپ كىردى ، ھېلىقى ئۈچ خوتۇننىمۇ باشلاپ كىرىشتى . ئۇلار ھېچ ئىش غېمىدە يوقتەك تاماكا چېكىشىپ ، گازىر چېقىشىپ ئولتۇراتتى . دادام ئۇلارنىڭ تەلەتىگە قاراپ يىرگەنگەندەك يەرگە تۈكۈردى .

— كىم بىلمەيدۇ سەن قانجۇقلارنى ، كوچىدا يۈرگەن لالما ئىتلاردىنمۇ بەتتەر رەسۋا نېمىلەرغۇ سەنلەر . ئەيمەنمەي مېنىڭ ئايالىمنى ئۇرۇشۇپسىنا ،— دېدى دادام .

— ئۇرىمىز قانداق ، دەۋايىڭ بارمۇ ؟— دېدى بىرى .

— ھېلى بىكار ،— دېدى دادام غەزەپتىن تىترەپ .

ھېلىقى ئۈچ خوتۇننى ئەكېلىپ قويغان ساقچى باشلىقى

دادام بىلەن تاكاللاشتى ، ۋارقىراشتى . ئىككى ساقچىغا بۇي-
رۇپ دادامنى باشقا ئۆيگە ئاچىقىپ كەتتى . ۋارقىراشقان ،
تۇۋلاشقان ئاۋازنى ئاڭلاپ شۇ ئۆيگە كىرسەك ، دادام بىر
ساقچى بىلەن مۇشتلىشىۋېتىپتۇ . مەن دادامنىڭ ئۇنى يىقىد-
تىپ ئاغزى - بۇرنىنى قان قىلىۋېتىشىنى ، ھېلىقى خوتۇن-
لارنىمۇ ئۇرۇپ يېتىقلىۋېتىشىنى تىلەيتتىم . لېكىن ئانام-
دىن ئەنسىرەپ يەنە ئانام بار ئۆيگە چاپتىم . ساقچىلار گۇۋاھ-
چىلاردىن بىرنېمىلەرنى سوراشتى . كېيىن ئانامنى ئۇلارغا
تاپشۇردى . ئۇلار ئانامنى ۋە بىزنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇشتى .
ئانام ئەتىسى ئەتىگەندە بېشىنى كۆتۈرۈپ قىلغان بىرىنچى
گېپى مۇنۇ بولدى :

— قانداق قىلارمىز ، داداڭنىڭ ئىشى چىڭغا چىقىپ
كېتەرمۇ .

— نېمە ئۇ جىن دېگەن ،— دېدى ئۇكام .

ئانام جاۋاب بەرمىدى . كوچىدا دادامنى سورىغانلارغا
مەن «دادامنى جىنساجۇيگە سولاپ قويدى» دېدىم . ئۇلارنىڭ
قورقۇپ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ
ھەيران بولاتتىم . ئەتىسى مەن ۋە ئۇكام ئانام ئەتكەن تاماقنى
كۆتۈرۈپ ساقچىغا باردۇق . دادام ساقچىدىن چىقتى ، ئاشنى
يېمىدى . ئۇكامنى كۆتۈرۈپ ، مېنى يېتىلەپ ئۆيگە قايتتى .
يولدا كەلگۈچە دادامنىڭ سورىغان گەپلىرى مۇنداق
بولدى :

— ئاناڭ قانداقراق ، ئورنىدىن تۇردىمۇ ، ئاناڭ نېمە
دېدى ؟

— ئانام ئورنىدىن تۇردى . سېنى جىنغا چىقىپ كېتەر-
مۇ ، دېدى .

— نېمە دېدىڭ ، جىنغا دېدىڭمۇ ؟
دادام بېشىنى ئىرغاڭلىتىپ كۈلدى . بىز ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق . شۇنىڭدىن كېيىن ساقچى ، جىڭساجۇي دېسە بەك ئۆچ بولۇپ كەتتىم . ئۇلارغا قاراشقىمۇ يۈرىكىم چىدىمايدىغان بولدى . بىچارە خالىدەم ، سېنىڭ داداڭ مۇشۇنداق يەرگە قامىلىپ ، ساقچىلاردىن تاياق يەيدىكەندە ،دەپ ئويلاپ قالدىم . خالىدەمگە بەكلا ئىچىم ئاغرىيدىغان بولدى .

# دادامغا تاماق ئاپىرىش

دادام لەڭمەنگە ئامراق ئىدى . ئەتىسى ئانام لەڭمەن ئەتتى . مەرەمنىساخان دېگەن قوشنىمىز ئۈچ دانە گۆشناننى كۆتۈرۈپ هال سوراپ كىردى .
— هۇسىيىنئاخۇنغا ، سىلىگە بەك ئۇۋال بوپتۇ . هېلىقى قانجۇقلارنى كىم بىلمەيدۇ . ساقچىلارنىڭ ئاشنىسى ئۇ رەسۋالار . ئۇلارنىڭ سىلىنى ئۇرىدىغانغا نېمە هوقۇقى باركىنا ، غوجاكىسىغا ئىشەنگەندۇ پاسكىنىلار .
ئانام داستىخان سالدى ، چاي دەملىدى . مەرەمنىساخاننى مەرگە تەكلىپ قىلدى . ئۇلۇشكۇنكى ئىشلار ئېسىگە كەلدىمۇ ، ئۆمچىيىپ يىغلاپ كەتتى . ئاڭغىچە بىر قانچە قوشنىلار كىرىشتى . ئانامدىن ئەهۋال سوراشتى ، ئانام بىلەن تەڭ يىغلاپ تەڭ كۈلۈشتى . ئانامغا تەسەللى بېرىشتى .
ئانام ئۇلارغا چاي قويدى ، ئۇلار ئېلىپ كىرگەن تاۋاقلاردىكى نازۇنېمەتلەرنى داستىخانغا قويدى ، ئۇلار تۇزۇت قىلىشتى . ئانام ئۇلارنى تاماققا زورلىدى ، ئۇلار داستىخانغا بېقىشقاچ پاراڭلىشىپ ئولتۇردى . شۇ ئارىلىقتا ئانام بىزنى چاقىردى ،

كىرسەك تاماق پىشقانىكەن ، قولۇم ـ قوشنىلار جانان چىنە-لەرگە سېلىنغان لەڭمەنلەرنى يېيىشىپ ئولتۇرغانىكەن . ئا-نام ، دادام بەك مېھمان دوست ئادەملەر ئىدى . ئۆيگە كىر-گەن مېھماننى ئۇلۇغلاپ داستىخان سالاتتى ، تاماققا بەك زورلايتتى .

ئانام بىزگە ئاش سېلىپ بەردى . ئاندىن دادامنىڭ ئې-شىنى يوغان كورا توشقۇچە سالدى ، سەيىنمۇ كۆپ سالدى . چۈنكى كۇلۇبتا ئۆيى سەھرادا ئىككى ئىشچى بار ئىدى . دادام ئانامغا «تاماقنى جىقراق ئەۋەتكىن . ئاۋۇ ئاغىنىلەرنى قارد-ىسپ قويۇپ مەن قانداق يەيمەن» دەيتتى . بىز كورىنىڭ باغلىرىغا ياغلىقنى ئۆتكۈزۈپ چەگدۇق . كېيىن تاياققا ئۆت-كۈزۈپ تىياتىرخانىغا قاراپ يولغا چىقتۇق . بىز يولنىڭ ئوڭ چېتىدە كېتىۋاتىمىز . ئۇكام ھېرىپ كەتتىم دەپ جېدەل قىلىدۇ ، مەن كورىنى ئۆزۈم تەرەپكە سۈرىمەن . ئۇ يەنە جېدەل قىلسا يەنە سۈرىمەن ، كورىنى سۈرۈۋېرىپ كورا قولۇمدىكى تاياقنىڭ ئۇچىغا يېقىنلىشىپ قولۇم ئېغىرلد-شىپ كەتتى . مەن ھېرىپ قالدىم . بىز ئېرىق بويىدىكى سۆگەتلەرنىڭ دالدىسىدا ئارام ئالماقچى بولدۇق ، ئېرىقنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىرنەچچە دېھقان بىر ئۆيدىن قىغلارنى توشۇپ ئاچىقىپ تاغارلارغا قاچىلاپ ئېرىقنىڭ قېشىغا تىكلەپ قويۇپ-تۇ ، بىرنەچچە تاغاردا توپا بار ئىكەن . ئۇنى ئۆيلەردىكى ھاجەتخانىلارنى قۇرۇقداش ئۇچۇن ئۆيلەرگە توشۇۋېتىپتۇ . بىر چاغدا ئۇلار ئىشتىن توختاپ ئېرىقتىكى سۇدا قوللىرىنى يۇيدى . كېيىن تاغارلارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قويۇنلىرد-دىن ساپسېرىق زاغرا نانلىرىنى چىقىرىپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى . پات ـ پات ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۇدىن

ئوچۇملاپ ئىچىشەتتى . مەن ئۇكامغا قارىدىم :

— ئۇكام ، لەڭمەن يەپ بولۇپ ئارقىدىن زاغرا ناننى قانداق يېگۈسى كېلىدىغاندۇ ؟

— تاڭەي .

مەن خېلى ۋاقىتلارغىچە جاھاندىكى بارلىق ئۆيدە خەقلەر ئوخشاش تاماق ئېتىشىدۇ ، بىز نېمە يېسەك ئۇلارمۇ شۇنى يەيدۇ دەپ بىلەتتىم . بىز تاماقنى تىياتىرخانىغا ئېلىپ باردۇق . دادام زالدا ئىكەن ، بىزنى كۆرۈپ كۈلدى ، كۈلگەندە قاپقارا بۇرۇتلىرى مىدىرلاپ كەتتى . بىزمۇ خۇش بولۇپ كەتتۇق ، دادامنىڭ ستالىننىڭ بۇرۇتىدەك بۇرۇتلىرى بار دەپ ماختىناتتىم (سوۋېتنىڭ كىنولىرىنى تولا كۆرۈپ ستالىننىڭ قاپقارا بۇرۇتىنى دادامنىڭ بۇرۇتىغا ئوخشىتاتتىم ) . ئاش يېگەندە ئاغزىغا كىرىۋالاتتىمكىن پات - پات باش بارمىقى بىلەن بۇرۇتىنى كەينىگە تاراپ قوياتتى .

مەن دادامغا بەك ئامراق ئىدىم . دادامنىڭ بۇرۇتىغىمۇ... مەن كېلىپ دادامنىڭ بۇرۇتىنى ئورۇق ، ئىنچىكە بارماقلىرىم بىلەن تاراپ قويدۇم . دادامنىڭ بۇرۇتىغا سۆيۈپ قويدۇم ، دادام مېنىمۇ سۆيۈپ قويدى .

بۇ يەردە ئاشنى بۆلىدىغان قاچا بولمىغاچقا ، دادامنىڭ ھەمراھلىرى جۇماخۇن ۋە ئەمىتاخۇن يوغان كورىدىكى ئاشنى بىرى يەپ بولغاندىن كېيىن بىرى يېيىشتى . ئۇچى نۆۋەت بىلەن ئاش يېيىشتى . ھوزۇرلىنىپ كېرىلىشتى . دادام ماڭا :

— ھەي جىن قونچىقى ، ئاش يېدىڭمۇ ؟ — دېدى .

— ھەئە ، — دېدىم مەن .

— ئاش يېگەندەك تەلەتىڭمۇ يوق . كەل ، ماۋۇ ئاشتىن

ئازراق يە .
— ياق ، يېگۈم يوق .
كىچىكىمدىن تارتىپ بىرىدىن ئاشقان ئاشنى يېگۈم كەلمەيتتى . دادام مېنىڭ بۇ مىجەزىمنى بىلگەندەك ماڭا پۇل ئۇزاتتى .
— ئۇ كاڭ ئىككىڭلار سامسا ئېلىپ يەڭلار .
— سامسا يېگۈم يوق . ئۆيدە نەچچە لېگەن سامسا قالدى .
— نېمە سامسا ئۇ .
— قوشنىلار ئەكىرىپتۇ . سىلەردىن ھال سوراپ ، سېنى ھەنېمە بولسا جىنغا چىقماپتۇ دەپ خۇشال بولۇشتى .
— نېمە ئۇ جىنغا چىقماپتۇ دېگەن ؟ — دەپ ئەجەبلىنىشتى ئەمىتىكام بىلەن جۇماخۇن ئاكام .
— ۋاي مۇشۇ جىننەكىنىڭ ئانىسىنىڭ تاپقان گېپى بولمامدۇ ، قايسى كۈندىكى ساقچىدىكى ئىشنى چىڭغا چىقىپ ، مېنى ساقچىدا ئۇزۇن يېتىپ كەتمىگىيدى دەپ ئەنسىرەپ ، — دېدى دادام .
ئەمىتكام ، دادام ، جۇماخۇن ئاكاملار كۈلۈشتى .
جۇماخۇن ئاكام مېنىڭ بېشىمنى سىلىدى .
— داداڭنىڭ سېنى جىن دېگىنى راستكەن . جىننىڭ گېپىنىلا قىلىدىكەنسەن ئەمەسمۇ ، — دېدى .
— خۇدايىم ساقلايدۇ ، بالام ، خۇدا ساقلىغان يەردە بالا ـ قازا يوق ، داداڭ ياخشى ئادەم . بۇ ئىشلار ھەرگىز چىڭغا چىقمايدۇ ، — دېدى ئەمىتكام .
بىزمۇ دادىمىزنى ياخشى كۆرەتتۇق . ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئادەم دەپ بىلەتتۇق . راست ئىكەن ، ھەممە ئادەم

دادىمىزنى ياخشى ئادەم دەيدىكەن ، مەن مۇشۇنداق ياخشى دادامنىڭ بولغىنىغا خۇشال بولدۇم . كىرىلىپ بىشىم ئاسمانغا يەتتى . ئۇلار تاماققا دۇئا قىلدى ، مەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ دادامغا ، ئانامغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ دۇئا قىلدىم .

## شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە

ئەتىياز كۈنلىرى ، يوللاردا ئەگىزلەر ئاقماقتا . يولنىڭ ئوتتۇرىسى تاشلىق بولغاچقا ، ئانچە پاتقاق بولمىغان بىلەن چەت چۆرىلىرى مىلىچلاپ كەتكەنىدى . يولدا ماڭغانلارنىڭ كونا ئاياغلىرى پۈتىدىن يېشىلىپ پاتقاقتا قالاتتى . دادام شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە يۆتكەلدى . بۇرۇنقى جىڭساجۇينىڭ ئورنى بولغان بۇ يەر ئەمدى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشخانىلىرى بولغانىدى ، مېنىڭ بۇ ئىدارە بىلەن خۇشۇم يوق ئىدى . چۈنكى مۇشۇ يەردىكى ساقچىلار دادامنى بىر كېچە سولاپ قويغان ، ساقچىلارنىڭ ئاداشلىرى بەڭگى خوتۇنلار ئانامنى ئۇرغانىدى . ئەمدى بۇ يەردە ساقچىلار كۆرۈنمەيتتى . ئەمما ھەربىر ئىشخانىلاردا كادىرلار ئىشلەيتتى . ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتى بولسا كېرەك ، بىر ئىشخانىدا ياشقىنا بىر كادىر ئىشلەيتتى . ئۇ بۇرۇن پىئونېرلار خىزمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ، موسكۋا ئەتراپىدىكى پىئونېرلار لاگېرىدا پىئونېرلارنىڭ يازلىق تەتىل كۈنلىرىنى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى كۆرۈپ كەلگەنىكەن . ئۇ بىزنىڭ مەكتەپكە پات - پات باراتتى . سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى پىئونېرلارنىڭ ئۆگىنىش ، تۇرمۇش ئەھۋالى ، قارىغايزارلىقتا ئېلىپ بېرىلغان پىئونېرلار لاگېرلىرىدىكى پائالىيەتلەر ھەققىدە سۆزلەپ

بىرەتتى . كۆز ئالدىمغا ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەر ، رەڭ-
لىك ، چىرايلىق كىيىنگەن موسكۋالىق پىئونېرلار كېلىپ ،
بەزىدە چۈشۈمگە كىرىپ قالاتتى . كىتابلىرىمىزنىڭ باش
بېتىدە «ئىئوسىف ۋىسسارىئونوۋىچ ستالىنغا» دېگەن بىر شې-
ئىر بولۇپ ، بەتنىڭ بېشىدا ستالىننىڭ پىئونېرلارنىڭ ئارى-
سىدا تۇرغان رەسىمى بار ئىدى ، رەسىمدە پىئونېرلار قوللى-
رىدا گۈلدەستىلەر تۇتۇپ دۆلەت ئاتىسى ، پرولېتارىياتنىڭ
داھىيسى ستالىنغا زوق بىلەن تىكىلىشىپ تۇرۇشاتتى .
ھېلىقى كادىر قايسىدۇر بىر جۇمھۇرىيەتتىكى بىر پې-
ئونېرنىڭ ستالىننى چۈشەپ قالغانلىقى ۋە ستالىنغا خەت
يازغانلىقى ، ستالىننىڭ ئۇنى چاقىرتىپ كۆرۈشكەنلىكى ،
موسكۋا ئەتراپىدىكى پىئونېرلار لاگېرىغا ئەۋەتكەنلىكى ھەق-
قىدە سۆزلەپ بېرەتتى . كۆز ئالدىمغا ئاشۇ پېئونېر قىز ،
ستالىن ۋە پىئونېرلار لاگېرى كېلىۋالدى ، مەنمۇ ستالىننى
چۈشەپ ئۇنىڭغا خەت ئەۋەتىشنى ئويلىدىم . بۇ خىيالىمنى
ئانام ، دادامغا دېدىم . ئۇلار كۈلۈشتى ، مەن شۇ ئاخشىمى
ئورنۇمدا يېتىپ ستالىننى ئويلىدىم ، دېگەندەك چۈشۈمدە
ستالىننى كۆرۈپتىمەن ، ئۇ دەل مەن كىنولاردا ، ئوقۇش
كىتابلىرىدا ، رەسىملەردە كۆرگەن داھىي ستالىن ئىدى .
بىراق ئۇ سەل جۈدىگەن ، رەڭگىرويى قارايغان ئىدى . ئويغى-
نىپ دەرھال ئوقۇش كىتابىمنى ئېلىپ قارىدىم . سىياقى
كىتابتىكى رەسىمگە ئوخشاشسىمۇ ، لېكىن چۈشۈمدىكى ستا-
لىننىڭ رەڭگىرويى سەل قارايغان ئىدى . كۆڭلۈم يېرىم
بولدى . چۈشۈمنى ئانامغا ئېيتتىم . ئانام «ھەرقانداق بەندى-
سىنى خۇدايىم سالامەت قىلغاي» دېدى ، بۇ چاغدا مەن
ئۈچىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتاتتىم . مەن مەكتەپكە باردىم .

مەكتەپتە غۇلغۇلا بولۇۋېتىپتۇ . ئوقۇتقۇچىلار ، مەكتەپ مۇدىرى ، ئىلمىي مۇدىرلار ، تەرتىپ مۇدىرى ، يۇقىرى - تۆۋەن يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلار مەيدانغا يىغىلىشىپتۇ ، ھەممە يىغا - زار قىلىۋېتىپتۇ . مەن بىزنىڭ سىنىپنىڭ باشلىقى پاشا ئەمەت دېگەن قىزدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدىم . ئۇ ، ئۆكسۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى :

— ستالىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ .

مەن چۆچۈپ كەتتىم ، ئىشەنگۈم كەلمىدى . ئىشەنمەي دېسەم ھەممە ئادەم قايغۇلۇق ، يىغلاپ كۆزلىرى قىزارغان ئىدى . بىر چاغدا تەنتەربىيە مۇئەللىمى پۇشتەك چالدى . ھەممە ئوقۇغۇچىلار سىنىپلار بويىچە قاتارغا تىزىلدۇق ، بىزنى رەتلىك ماڭدۇرۇپ ھېيتگاھ مەيدانىغا ئېلىپ باردى . ھېيتگاھدا سەپ - سەپ بولۇپ ئىشچى - خىزمەتچى ، زىيالىي ، ھۈنەرۋەن كاسىپ ، داموللا خاتىپ بولۇپ نەچچە ئون مىڭلىغان ئادەم ئۆرە تۇرۇشاتتى . بىز مەيداندا ئورۇن قالمىغانلىقتىن شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىكى تاشيولغا سەپ بولۇپ تىزىلدۇق . قاتناشمۇ توختاپ ، ماشىنا ، ئات - ھارۋا ، مەپە ، رىكشىلەرمۇ بېسىققانىدى ، يىغىن باشلاندى . يىغىننىڭ رەئىسى ناھايىتى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ستالىننىڭ رەسمىگە تەزىم قىلغاندىن كېيىن قايغۇلۇق ئۇقتۇرۇشنى ئوقۇدى . مەيداندىكى جامائەت يىغا - زار قىلىشتى . مەھەللە ، كوچىلاردا ، ئىدارىلەردە ، مەكتەپلەردە لېنىن ، ستالىننىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان رەڭلىك رەسمى ئېسىقلىق ئىدى . ئۇ پرولېتارىياتنىڭ داھىيسى ، سوۋېت خەلقىنىڭ ئاتىسى ، ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئازادلىقى يولىدا نۇرغۇن كۈرەشلەرنى قىلغان ، جەبىر - جاپالارنى چەككەنىدى . سوۋېت

خەلقىنى چارروسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئا-
زادلىق تېگىغا ئۇلاشتۇرۇش ئۈچۈن لېنىن بىلەن مۇرىنى
مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئىشىنى داۋاملاش-
تۇرغانىدى . بۇ ئىدىيە دەرسلىكلەردە قەيت قىلىنغان ، ئۇس-
تازلىرىمىز ، پىئونېرلار تەربىيىچىلىرىمىز بىزگە چۈشەن-
دۈرگەنىدى . نۇرغۇن كىنولاردا ئۇنىڭ ئوبرازى گەۋدىلەندۇ-
رۇلگەن ئىدى . بىز ئۇ ئۇستازنى بىلەتتۇق ، ئۇنىڭ باللار
ئارىسىدا تۇرغان رەسىمى كۆز ئالدىمىزدا خۇددى تىرىكتەك
گەۋدىلىنەتتى . ئەجابا شۇنداق ئۇلۇغ ئادەممۇ ئۆلۈپ كېتەم-
ەمۇ ، بۇنىڭغا ئىشەنگۈمىز كەلمەيتتى .
يىغىندا كاتتا دامولللاملاردىن بىرى ئۆزى يازغان تەزىيە
شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى . ئۇ ئادەم شائىر بولسا كې-
رەك . شېئىرنى شۇنداق جاراڭلىق ، ئاھاڭلىق ئوقۇدى .
جامائەت يەنە يىغا - زارە قىلىشتى . مېنىڭ باللىق قەلبىمدە
بۇ داھىي ۋە ئۇنىڭ ئوبرازى ساقلىنىپ قالدى .

## كىتاب ئىشقى

مېنىڭ قولۇمغا «گاۋرۇش» دېگەن بىر بروشۇر چۈ-
شۈپ قالدى . مەن ئۇنى بىر سائەتتىلا ئوقۇپ تۈگەتتىم .
گاۋرۇش شوخ بىر بالا بولۇپ ، ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ ،
ئىنقىلابچىلار ئارىسىغا قوشۇلغانىدى . ئۇ جەڭگاھتا ئوق تې-
رىپ يۈرۈپ باتۇرلارچە قۇربان بولىدۇ ، بۇ سۆيۈملۈك قەھ-
رىمان مېنىڭ قەلبىمدە ئۆمۈرۋايەت ساقلىنىپ قالدى . مەن
بۇ كىتابنى قولۇمدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ يۈردۈم . ئانام ،
دادامغا ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردىم . قولۇم - قوشنىلارغا

ئوقۇپ بەردىم . ئۇلار مېنىڭ ئوقۇغىنىمنى زەڭ قويۇپ ئاڭ-لايتتى . بۇ بىروشۇرنى ئۇزۇن يىللارغىچە يوقاتماي ساقلاپ يۈردۈم .

مېنىڭ كىتاب ئوقۇشقا ئامراقلىقىم دادامغا ھەم خۇشال-لىق ، ھەم ئاۋارىچىلىك كەلتۈردى . ئۇ خېنىم قىزىنىڭ (مېنى ئەركىلىتىپ شۇنداق دەيتتى ) باشقا باللاردەك ئوي-ناپ يۈرمەي مەكتەپتىن يېنىپلا تاپشۇرۇق ئىشلەپ ، كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغىنىغا مەستلىكى كېلەتتى .

— كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرلىمۇ خېنىم ، — دەيتتى ئۇ كۆزلىرىدە خۇشاللىق نۇرلىرىنى ياغدۇرۇپ .

— ھەئە ، — دەيتتىم مەن ، — كىتابىم تۈگەپ كەتتى ، ئەمدى نېمىنى ئوقۇرمەن .

— ئوقۇش كىتابلىرىنى ئوقۇسىلا .

— ئۇنى ئوقۇپ بولغان .

— ئەمدى قانداق قىلارمەن ، موللا خېنىم ، سىلىگە نە-دىنمۇ كىتاب تاپارمەن .

دادام چىقىپ كېتىپ بىر سائەتتىن كېيىن بىر قولتۇق كىتاب كۆتۈرۈپ كىردى . چىخوۋنىڭ «ھېكايىلەر» توپلى-مى ، يەنە «كۆنلەر ۋە تۈنلەر» دېگەن رومان ، ئايدىن سابىرو-ۋانىڭ «ھېكايىلەر ۋە ئوچېركلار» دېگەن توپلىمى ئىكەن . مەن پۈتۈن ئىشتىياقىم بىلەن كىتاب ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتىم . بەزى ئاتالغۇلارنى چۈشەنمەيتتىم . چۈشەنمىگەنلە-رىمنى ئەتىسى مۇئەللىمدىن سورايتتىم . ئۇستازىم ئەمەت ئىبراھىم بىلىملىك ، نەزەر دائىرىسى كەڭ ئادەم ئىدى ، ئۇ ئاچچىقى يامان ، جىددىي ، تەلەپچان ئادەم بولغاچقا ، ئۇنىڭ-دىن سوئال سوراشتىن قورقاتتىم . لېكىن دەرس ئاخىرلاش-

قان ۋاقتىدا ھەممە بالىلار قول كۆتۈرۈپ سوئال سورايدىغان چاغدا مەنمۇ مۇئەللىمدىن سوئال سورايتتىم ، مۇئەللىم ئەجەبلەنگەندەك ماڭا قاراپ قويۇپ سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرەتتى . سوۋېت ۋەتەن ئۇرۇشى ، ستالىنگراد جېڭى ، داھىي ستالىن ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى . ستالىن ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇلغان بولگانىن ھەققىدە سۆزلەيتتى . بىر قېتىم ئۇ مېنىڭ ئايدىن سابىرووۋانىڭ ھېكايىلىرى توغرىسىدا سورىغان سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرىپ «سەن ئۆزۈڭگە لايىق كىتاب ئوقۇ ، كىچىك بالىلار ئۈچۈن يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئوقۇ» دېدى ۋە بىرنەچچە كىتابنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى . «كىچىك بالا » ، «ئۇرزۇملۇق بالا » ۋە ئاركادى گايدارنىڭ «بارابانچى بالىنىڭ تەقدىرى » ، گوركىينىڭ «بالىلىق دەۋر » قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئوقۇسام بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى . بۇ كىتابلارنى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قىرائەتخانىسىدىن تېپىشىم مۇمكىنلىكىنى ئېيتىپ بەردى . مەن بېرىپ دادامغا دېدىم ، دادام مېنى ھېيتگاھدىكى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قىرائەتخانىسىغا باشلاپ باردى . ئۇ يەردە مەلىكىخان دېگەن ئايال قىرائەتخانا باشقۇرىدىكەن . ئۇ ماڭا كۆرىدىغان كىتابلىرىمنى تېپىپ بەردى ۋە :

— كىتابلارنى كىر قىلىپ قويما ، قىزىم ،— دەپ جېكىدلىدى .

— ماقۇل ،— دېدىم مەن كىتابلارنى باغرىمغا بېسىپ .

ئۆيگە كەلگەندىن كېيىنمۇ كىتابلارنى گېزىت بىلەن مۇقاۋىلىدىم . كىتابلارنى ئوقۇدۇم ، كېچىچە چۈشۈمدە گاھ بارابانچى بالىنى ، گاھ ستۇۋزارى (يەتتە يۇلتۇز ) كولخوزىدىكى بالىلار ۋە بۇغداي تازا ئوخشىغان ئېتىزلارنى چۈشەپ

چىقتىم .

قولۇمغا چۈشكەن كىتابلارنى شۇنداق زوق - ھەۋەس بىلەن ئوقۇيتتۇمكى ، كىتابلارنىڭ ئاپتورى ، پېرسوناژلىرى ، ھەتتا كىتابنىڭ مۇقەددىمىسى بىلەن خاتىمىسىمۇ كۆڭلۈمدە مۆھۈر باسقاندەك ساقلىنىپ قالاتتى . مەكتەپتە باللارغا بۇ كىتابلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتىم ، باللار مېنىڭ ئەتراپىمغا ئولىشىۋېلىپ مېنىڭ كىتاب ھەققىدىكى پاراڭلىرىمغا زوق - ھەۋەس بىلەن قۇلاق سالاتتى . كېيىن سىنىپىمىزغا نۇرنىسا رەھمەت دېگەن يۇزلىرىدە چېچەك ئىزى بار ، سۆزمەن بىر قىز قوشۇلدى . ئۇ شۇنداق خۇش چاقچاق ، ھېكايىچى ئىدىكى ، ئۇنىڭ بىلمەيدىغان چۆچەكى يوق ئىدى . ئۇنىڭغا مومىسى «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىنى ئېيتىپ بېرىپ موللا قىلىۋەتكەنىكەن ، بىز چۈشتە ئۆيگە قايتماي نۇرنىسانىڭ چۆچەكلىرىنى ئاڭلايتتۇق ، گاھ رۇم ، گاھ دەمەشق ، گاھ رىمدا سەيلە قىلاتتۇق . باغدات دېگەن قەشقەرنىڭ جانان كوچىسىدەك يېقىن بىلىنەتتى . ھېكايىلەر ، چۆچەكلەر بىزنى سېھىرلىك دۇنيا ، ئاجايىباتلار ئىچىگە ئېلىپ كىرەتتى . نۇرغۇن باللار «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىنى ئاڭلاشقا ھېرىسمەن ئىدى ، گاھىدا مېنىمۇ گەپكە سېلىپ گاۋرۇش ھەققىدە ، بارابانچى بالا ھەققىدە ، ستالىنگراد جېڭى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلاتتى . مەنمۇ نۇرنىسا رەھمەتتىن گەپنىڭ ماڭا ئاشقىنىغا خۇش بولۇپ ھېكايە ئېيتىشقا كىرىشەتتىم .

مەن شەھەرلىك كۇتۇپخانىنىڭ رەسمىي ئەڭ كىچىك ئەزاسى بولۇپ قالدىم . بىزنىڭ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار مېنىڭ كىتابلار ھەققىدىكى ھېكايىلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كې-

يىن ئۇلارمۇ كىتاب ئوقۇشقا زوقمەن بولۇشتى. ئۇلارمۇ مەن بىلەن بىللە كىتاب ئارىيەت ئېلىشقا قىرائەتخانىغا بېرىشتى. مەلىكە خانىم دەسلەپتە ئۇلارغا كىتاب بەرمىدى، كېيىن مېنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— كەل، بالام، بالىلارنىڭ ئىسمى ۋە كىتابلارنى خاتىرىلىۋال، كېيىن كىتابلارنى سەندىن ئالىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن كىتابقا سەن كەلگىن، — دېدى. ئۇن ئىككى بالا كىتاب ئارىيەت ئالدى، بەزىلىرى كىتابنى ئەكېلىپ بېرىشتى. كېيىن مەن ئۇلارغا يەنە كىتاب ئەكېلىپ بەردىم. شۇنىڭ بىلەن سىنىپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى ئاشتى، مەن بۇنىڭدىن بەك خۇشال بولدۇم.

# كومپاس بىلەن نىشاننى ئىزدەش

تەبىئەت كىتابىمىزدا، ماگنىت ئىسترېلكىسىنىڭ دائىم شىمالنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە بىر دەرس بار ئىدى. تەبىئەتشۇناسلارنىڭ مۇرىسىگە سومكا ئېسىپ، تاياققا تايىنىپ شىمالىي قۇتۇپقا سەپەر قىلغانلىقى ھەققىدە بىر سۈرەت ۋە چۈشەندۈرۈش بار ئىدى. مەن دادامغا يالۋۇردۇم:

— جېنىم دادا، كومپاس ئېلىپ بەرسەڭ.

— نېمە قىلاتتىڭ؟

مەن ئۇنىڭغا كىتابنى كۆرسەتتىم. كومپاس ئىسترېلكىسىنىڭ دائىم شىمالنى كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدىكى تېكىستنى ئوقۇپ بەردىم. دادام كۈلدى.

— ئانىسى، ھەي ئانىسى، قىزىمىز موللا بولۇپ قاپتۇ.

قارا ئۇ بىز بىلمەيدىغان نۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىلەپتۇ. كىتاب دېگەن بىلىم خەزىنىسى ئىكەن جۇما.

دادام ئىككى كويغا بىر دانە سائەتتەك چىرايلىق، ھاۋا-رەڭ بېغى بار كومپاسنى ئېلىپ قولۇمغا تاقاپ قويدى. بەك خۇش بولدۇم. مەن ئۇ كام بىلەن مەسىلىھەتلەشتىم. شىمالغا سەپەر قىلماقچى بولدۇق، ئۇ كام ئىككىمىز جىلتىلىرىمىزنى يەلكىمىزگە ئاستۇق.

يەنە نېمە ئالساق بولار. ئىككى دانە نان، ئىككى بوتۇلكا سۇ ئالدۇق، ئىككى دانە تاياق ئالدۇق. سۈرەتتىكىلەرگە ئوخشىدۇق. كومپاسنى مەن قولۇمغا تاقىدىم. ئۇ كام تالىپ-شىپ غەلۋە قىلدى. مەن ئۇنىڭ قولىغا كومپاسنى تاقاپ قويدۇم. بۇ كومپاس ئىسترېلكىسىدا كۆرسىتىلگەندەك «شىمالىي قۇتۇپ»قا سەپەر قىلدۇق. شەھەردىن چىقىپ كەتتۇق. خۇددى چۆچەكلەردىكى «مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ» تاكى تۆمۈر ھاسىسى ئۇپراپ يىڭنىدەك قالغۇچە، تۆمۈر كەشى ئۇپراپ قەغەزدەك قالغۇچە مېڭىپ شىمالىي قۇتۇپقا بارماقچى بولدۇق. شەھەردىن چىقىپ قوغان يېزىسىنىڭ دەرەخزارلىق يوللىرىغا كىردۇق، مېڭىۋەردۇق. ئۇ كام ھېرىپ كەتتىم دەپ يىغلاشقا باشلىدى، ئولتۇرۇپ ئارام ئالدۇق، قورسىقى-مىز ئاچقانىكەن، نان يېدۇق، سۇ ئىچتۇق. بۇ نان بىزگە ئانام ھەر كۈنى چۈشتە ئېتىپ بېرىدىغان لەگمەن، پولۇدىنمۇ تاتلىق تېتىپ كەتتى. بىر كەمدە ئۇ كام ئۇخلاپ قالدى، مەن ئۇ كامنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇشقا باشلىدىم، يېزا مەسچىتىدە نامازدىگەرگە ئەزان ئېيتىلدى. مەسچىتكە ماڭ-غان جامائەت تاشيولنىڭ چېتىدە ئولتۇرغان بىز ئىككى ئېكسپېدىتسىيىچىنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىشتى.

— ھەي بالىلار ، نەدىن كەلدىڭلار ؟
— ئۆيدىن .
— ئۆيۈڭلار نەدە ؟
— يۇمىلاق شە كۆلبېشىدا .
— سېپىل تۇۋىدە .
— داداڭلارنىڭ ئىسمى نېمە ؟
— دادام ... دادام ،— دەپ يىغلىدى ئۇكام .
— ئاپلا ،— دېدى بىرى ،— بۇ بالىلاردىن ھېچنېمىنى ئۇققىلى بولمىغۇدەك ، بىرەيلەن ئۇلارنى شەھەرگە يەتكۈزۈپ ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار .
مەن ساقچىغا ئۆچ ئىدىم ، ساقچى دادامنى بىر كېچە قاماپ قويغان .
— بىز ساقچىغا بارمايمىز ، — دېدىم مەن ، — بىزنى مەسچىتكە ئاپىرىپ قويۇڭلار .
— قايسى مەسچىتكە ؟
— ئەمەتجان مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ مەسچىتىگە ، مەسچىت- تىن ئۆيىمىزگە بىردەمدە بارغىلى بولىدۇ .
— ھە ، بۇلار ئۆستەڭبويىلىق ئىكەن - دە ، بىرىڭلار بۇلارنى ئۆستەڭبويى مەسچىتىگە ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بېرىڭ- لار .
مەسچىت ئازادە ، سالقىن ھويلىسى بىلەن بىزنى ئۆزىگە تارتاتتى . نۇرغۇن تاغىلار ، ئاكىلار ، دادىلار شۇ يەرگە ناماز ئوقۇشقا كېلەتتى . جامائەت مەسچىتتىن چىقىپ كېتىشى بىلەنلا بىزمۇ مەسچىتنىڭ سالقىن قورۇسىدا ئوينايتۇق . تا ئەمەتجان مەزىننىڭ جىۋەك گەۋدىسى پەيدا بولۇپ بىزنى قوغلىمىغۇچە شۇ يەردە ئوينايتتۇق .

بىر دېھقان بالىسى بىزنى ئىشەككە مىندۈردى، ئۆزى تاياق بىلەن ئىشەكنى ھەيدىدى. بىز خېلى ئۇزۇندا شەھەرگە كىردۇق. بىزنى ئۆستەڭبويى مەسچىتىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويغاندا كۈن كەچ كىرىپ قالغانىدى. مەزىن ئاخۇنۇم بىز-نىڭ قولىمىزنى چىڭ تۇتۇپ ئۆيىمىزگە ئېلىپ ماڭدى، بىز يۇلقۇندۇق.

— ئۆيىمىزنى ئۆزىمىز تاپالايمىز.

— ھەئە، بەك تاپالايدىكەنسىلەر، قىل قاپسىلەر يوقى-لىپ كەتكىلى.

— ئەجەب كىتابتىكى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر يوقىلىپ كەتمەپتىغۇ، ئۇلار شىمالىي قۇتۇپقا بېرىپتۇ.

— بىزنىڭ قولىمىزدا كومپاس تۇرسا ئېزىپ قالامتۇق.

— ئۇ نىشاننى بىزگە كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەزىن ئاخۇنۇم كۈلدى:

— ۋاي ئىكىس پىكىسلار، ساياھەتكە چوڭ بولغاندا چىقارسىلەر، ھازىر ئاتا - ئاناڭلار سىلەرنى ئىزدەپ نەلەردە يىغلاپ قاقشاپ يۈرىدىكىنتاڭ.

— بىز - بىز...، — دېدۇق چۇرقىرىشىپ.

شۇ ئارىلىقتا كۆزلىرى يىغلاپ قىزارغان ئانام ھويلىدىن چىقىپ قالدى. ئۇ بىزنى كۆرۈپ قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. دادام يۇمىلاق شەھەر كۆلبېشى تەرەپتىن كەلدى. ئۇنىڭ قاپىقى تۈرۈلگەن، قالتىس ئاچچىقى كېلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئېرىقنىڭ بويىدىكى سۆگەتتىن بىر تال چىۋىقنى ئۇشتۇپ ئالدى.

— نەگە بېرىشتىڭ، ھەرقايسىڭنى ئىزدىگىلى نەۋاخ.

مەزىن ئاخۇنۇم بىزنىڭ ئورنىمىزغا جاۋاب بەردى:

— بۇلار ساياھەتكە چىقىپتۇ ، ھېلىقى نەگە دېيۇدىڭ ؟
— شىمالىي قۇتۇپقا .
ۋاي ساراڭلار ، ۋاي بېشىمغا بالا شۇملار ، يوقىلىپ كەتسەڭ قانداق قىلاتتىم .
ئۇ كام ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق ، ئېكسپې-دىتسىيىچىلەر ئەجەب يوقىلىپ كەتمەي شىمالىي قۇتۇپقا بې-رىپتىكەنغۇ .
مەزىن ئاخۇنۇم بىزگە نەسىھەت قىلدى .
— باللىرىم ، ئاتا - ئاناڭلارنى ئەنسىرەتمەڭلار ، ئۇز-داق يىراققا كېتىپ قالماڭلار . ئېكس - پېكس دېگەننى مەكتەپتە ئوقۇڭلار . سالامەت چوڭ بولساڭلار ھەممە يەرگە بارالايسىلەر .
بىز كۈلدۇق :
— ئېكس - پېكس ئەمەس ئېكسپېدىتسىيە .
— ھە ئېكسپېدىتسىيە بولسا بولسۇن ، بەڭۋاشلىق قىل-ماڭلار ، يامان بولىدۇ .
بىز يامان بولىدۇ دېگەن گەپتىن قورقاتتۇق . بۇنىڭدىن كېيىن بەڭۋاشلىق قىلماسلىققا ۋەدە بەردۇق ، مەزىن ئاخۇنۇم چىقىپ كەتتى . دادام چىۋىقنى كۆرسىتىپ بىزگە دوق قىل-دى ، دادام ئۆمرىدە بىزنى ئۇرۇپ باقمىغانىدى . بىز دادى-مىزغا ئېتىلدۇق . مەن قۇچىقىغا ، ئۇ كام دۈمبىسىگە چىقى-ۋالدۇق .

# باندىت تۇتىمىز

شەھەردە بىر كۆرگەزمە ئېچىلدى ، خەلق كۈلۈبىنىڭ كارىدورلىرى ھەجۋىي رەسىملەر ، چوڭ خەتلىك گېزىتلەر بىلەن تولغانىدى ، ئۇنىڭدا باندىتلارنىڭ زوراۋانلىقى ، ئەك-سىلئىنقىلابچىلارنىڭ خەلققە بالايىئاپەت كەلتۈرگەنلىكى ، رەڭلىك ھەجۋىي رەسىملەر ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەنىدى . بىز بۇ رەسىملەرنى كۆرسەك ئەيمىنەتتۇق . لېكىن يەنە كۆ-رەتتۇق ، بولۇپمۇ ئىشىك ئالدىدىكى ئېگىز تامغا ھەيۋەتلىك سىزىلغان رەسىمدە بىر ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ بىر بالىنى جادۇ بىلەن بوغۇزلاۋاتقان بىر كۆرۈنۈش بار ئىدى ، مەن بۇ رەسىمدىن بەك قورقاتتىم . قاراشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم ، لېكىن ئۇكام كۆزلىرىنى جامدەك ئېچىپ كۆرۈۋېرەتتى . خەقلەرنىڭ ئاغزىدا «پالانى يەردە بىر باندىت بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپتۇ» ، «پۇستانى يەردە بىر باندىت كۆلگە زەھەر تاشلاپتۇ» ، «بىر جاسۇس جاسۇسلۇق قىپتۇ» دېگەندەك پا-راڭلارنى ئاڭلايتتۇق . نەگە بارساق شۇ گەپ . باندىت ياكى جاسۇسنى تۇتۇپ تاپشۇرۇپ بەرگەنلەرگە مۇكاپات بېرىلىدى-كەن ، دېگەن پاراڭلار كۆپەيگەنىدى . بىزمۇ باندىت ياكى جاسۇس تۇتماقچى بولدۇق . مەكتەپتىن كېلىپلا كوچىدا چۆ-گىلەپ يۈردۇق . بىزگە ھېچبىر باندىت ياكى جاسۇس ئۇچرى-ماي كەتتى . بىر كۈنى ئىشىك ئالدىدا ئويناۋاتاتتۇق ، ئۇزۇن ئاق پەلتو كىيگەن ، قولىدا سومكا كۆتۈرگەن ، كۆزەينەك تاقىغان بىر ئادەم قېشىمىزغا كەلدى ، بېشىدا شىلەپىسى بار ئىدى .

— ھەي باللار ، ھىندى كونسۇلخانىسى قاياقتا ؟ — دەپ سورىدى ئۇ بىزدىن ، بىز ئۇنىڭغا يولنى كۆرسىتىپ قويدۇق . ئۇ بىزگە بىر تالدىن كەمپۈت بەردى . بىز خۇش بولۇپ كەتتۇق . ئۇ ئادەم يىراقلاپ كەتتى . ئۇكام كەمپۈتنى يېيىشكە باشلىدى .

— يېمە ، ئۇ زەھەر سېلىنغان كەمپۈت ، — دېدىم مەن ، — بايىقى ئادەمگە سەپسالدىڭمۇ ، ئۇ بىز كىنولاردا كۆرگەن ئىشپىيونلارغا ئوخشاپ تۇرىدۇ .

— قانداق بىلدىڭ ؟

— بېشىدا شلەپىسى ، قولىدا سومكىسى تۇرمامدۇ .

— راست ، ئۇ چوقۇم ئىشپىيون .

— ئۇ تېخى ھىندى كونسۇلخانىسىغا بارىمەن دېدى ، دادامنىڭ دېيىشىچە ھىندىلار ئالىقاچان كۆچۈپ كەتكەنـ ـمىش .

— بىز تېزرەك چىنىۋاغقا بېرىپ ئۇ جاسۇسنى تۇتۇۋالايلى .

بىز يۈگۈرۈپ كەتتۇق . نوۋېشىدىن ئۆتۈپ چىنىۋاغ تەرەپكە قايرىلدۇق . ئۇ ئادەم چىنىۋاغنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى . بىز ئۇنى ئۇزۇن ساقلىدۇق ، ساقلاپ ھېرىپ كەتـ ـتۇق ، «جاسۇس» چىقمىدى . بىز جاسۇسنى قاچۇرۇپ قويـ ـدۇق .

— ئۇ جاسۇسنى چىنىۋاغدىكىلەر چوقۇم تۇتۇۋالدى ، ئۇنىڭ سومكىسىدىكى زەھەرنىمۇ ئېلىۋالدى . ئەمدى ئۇ زەـ ـھەرنى كۆلگە تاشلىيالمايدۇ .

بىز ھىندىستاننىڭ جاسۇسى دەپ ئاتىغان جاسۇسنى تۇتالمىدۇق ، بىزنى قاراۋۇل چىنىۋاغنىڭ ئىچىگە كىرگۈزـ

مىدى. بىز ئۇنى ھەربىيلەرنىڭ تۇتۇۋېلىشىغا ئىشىنەتتۇق، ئۇزۇن يىللارغىچە بۇ ئىش ئېسىمدىن چىقمىدى.

## ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش

مەھەللە ئاھالە كومىتېتلىرىدا ساۋاتسىزلىققا قارشى ھەرىكەتلەر باشلاندى، قېرى ـ ياش ئاياللار مەھەللە ئاھالە كومىتېت ئىشخانىسى قىلىنغان بىر ئۆيدە كەچقۇرۇن كەچ كۇرستا ئوقۇيدىغان بولدى، ئاناممۇ بۇ يەرگە قۇچىقىدىكى ئۇكامنى كۆتۈرۈپ باراتتى. كىگىز سېلىنغان ئىشخانىدا ئۇ- كامنى ئېمىتىپ ئولتۇرۇپ قارا دوسكىدىن دەپتەرگە خەت كۆچۈرەتتى.

«ئا، ب، س» دەپ يادلايتتى ئۇ، مەن ئا، ب، س ئۆگەنگەندە ئانام مېنى دوراپ كۈلگەنىدى، ئەمدى ئانامنىڭ خۇددى بىرىنچى سىنىپنىڭ بالىلىرىدەك تىرىشىپ خەت ئۆ- گىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ راسا كۈلدۈم:

— ئېلىپ، بە، تە، سە ئەمەس ئا، ب، س، ت، — دەيتتىم ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تۈزىتىپ.

ئا، ب، س، ت، — دەيتتى ئانام كىچىك بالىدەك ماڭا بويسۇنۇپ ئۆگەتكەنلىرىمنى تەكرارلاپ، بەزىدە مېڭىسى ئاغرىۋاتقاندەك ئىككى چېكىسىنى قوللىرى بىلەن باساتتى. مېنىڭ ئانامغا ئىچىم ئاغرىيتتى. شۇنچىۋالا چوڭ تۇرۇپ ئا، ب، س لارنى قاملاشتۇرۇپ يازالماي قوللىرىنىڭ تىترەپ قىڭغىر ـ قىيسىق يازغىنىغا ئەجەبلىنەتتىم.

مەن بىرىنچى سىنىپتا ئوقۇغان ئېلىپبە كىتابىمنى قاز- ناق ئۆيدىن تېپىپ چىقتىم، ئانامنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئول-

تۇرۇپ بىرىنچى بەتتىكى ئا ھەرپىنى ئانامغا كۆرسەتتىم ۋە ئۇنلۇك ئوقۇدۇم .

— ئا .

— ئا ، — ئانام تەكرارلىدى .

مەن ئۇنىڭغا ئا ھەرپىنىڭ ئۈچ خىل شەكلىنى كۆرسەتتىم . دەپتىرىگە يېزىپ بەردىم . ئانامنىڭ بۇنى توغرا يېزىشىغا ياردەملەشتىم . ئانام ئا ھەرپىنىڭ ئۈچ خىل شەكلىنى ئۆگىنىۋالدى .

كىچىك ئۇكام بۆشۈكتە ئويغىنىپ گۇڭگۇراشقا ، كېيىن يىغلاشقا باشلىدى ، مەن ئۇكامنى بۆشۈكتىن يېشىۋېلىپ كۆتۈرگىنىمچە كوچىغا چىقىپ كەتتىم . ئانامنىڭ دەرس تەكرارلاپ ساۋاتىنى چىقىرىشىغا ياردەم بەرگىنىمگە خۇش بولدۇم .

## مېنىڭ سۆيۈملۈك دادام ، ئانام

ئانامنىڭ تۇرغۇنئاخۇن ، قەمبەرخان دېگەن ھامما ، تاغىلىرى بار بولۇپ ، كەسكەنيار دېگەن يەردە قورۇ - جايى بار ئىدى ، قەمبەرخان ھاممام پاكىز ، رەتلىك ئايال ئىدى . كىيىم - كېچەككە ، ئۆينى ، ئۆزىنى رەتلىك تۇتۇشقا بەك ئەھمىيەت بېرەتتى . ئانام ئۇنى «ئۆيىگە ، ئۆزىگە توپا قوندۇرمايدۇ» دەپ بەك ماختايتتى ، لېكىن دادام «پىخسىق» دەپ ياراتمايتتى . بەزىدە ئۇكام ئىككىمىز ئۇنىڭ ئۆيىگە ئويۇنغىلى بېرىپ قالساق كەچ كىرگۈچە ئۆگزىدە دوپپا تىكىپ ئولتۇرۇپ يە تاماق قىلمايتتى ياكى بىزگە يېگىلى بىر نەرسە بەرمەيتتى . ئۇلارنىڭ مەھەللىسىدە ساپلا دوپپىچى ئادەملەر

بار ئىدى . ئەمەتخان دوپپىچى دەيدىغان داڭلىق بىر دوپپىچى ئۇستام هامىمامنىڭ قوشنىسى ئىدى ، ئۇلارنىڭ ئۆگزىسى تۇتاش ئىدى . هامىمام ئۇلارنىڭ ئۆگزىسىگە ئۆتۈپ شۇلار بىلەن ئولتۇرۇپ دوپپا تىكەتتى . تىنىماي پاراڭ قىلىشاتتى ، بىز ئەمەتخان دوپپىچىنىڭ سىمىز قىزى پاشاخان بىلەن ئوي-نايتتۇق ، ئۆگزىمۇ ئۆگزە يۈگۈرۈپ هارمايتتۇق .

كەچ كىرەتتى . ئۇلار ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ هويلى-سىغا چۈشەتتى . ئەمەتخان دوپپىچىنىڭ سىمىز ئايالى هويلى-دىكى ئوچاق بېشىدا بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرەتتى . قەمبەر-خان هامىمام ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ پېشايۋاندا ئولتۇراتتى . بىزمۇ پېشايۋاندا ئويۇن باشلايتتۇق . تاكى دادام كېلىپ بىز-نى چاقىرمىغىچە ئويناۋېرەتتۇق . يولدا كېتىۋېتىپ دادام بىزدىن سورايتتى .

— قورسىقىڭلار ئاچتىمۇ ؟

شۇ چاغدىلا قورسىقىمىزنىڭ ئېچىپ كەتكىنىنى بايقايتتۇق .

— قورساق ئاچتى ، مادار قاچتى ، — دەپ قوشاق قاتتى دادام ، — قورسىقىڭلار ئاچمىسا قاچانغىچە ئوينايتتىڭلار ، ھەقىچان ئۇ پىخسىق ھامماڭلار يېگىلى نانمۇ بەرمىگەندۇ .

— بەرمىدى .

— يائاللا ، قاچان ئادەم بولار ئۇ ساراڭ قېرى ، كىچىك باللارغا ئاچ قورساق ئىسسىق ئۆتۈپ كېتەرمۇ دېمەپتۇ .

دادام بىزنى ئۆستەڭ بويىدىكى ئاشخانىغا باشلاپ كىر-دى ، خېلى ساقلىغاندىن كېيىن ئالدىمىزغا ئۈچ تەخسە لەڭ-مەن كەلتۈرۈلدى . بىز ئۆمرىمىزدە لەڭمەن كۆرمىگەندەك ئاشقا ئېتىلدۇق . دېگەندەك قورسىقىمىز بەك ئېچىپ كەتكە-

نىكەن ، ئاشنى ئىشتىياق بىلەن يېدۇق ، ئاش كۆپ ئىكەن ، يەپ بولالمىدۇق .

— ھە ، نېمە يېمەمسىلەر ؟

— ياق .

دادام ئۆيدە ئۆيدىكىلەرنى ، مېھمان كەلسە مېھمانلارنى تاماقتا بەك زورلايتتى ، دادام ھەرقانچە زورلىسىمۇ يەپ بولالمىدۇق . كېيىن دادام ئۇ ئاشنى ئاشخانا ئالدىدا ئويناپ يۈرگەن قەلەندەر بالىغا بېرىۋەتتى . ئاشنىڭ پۇلىنى تۆلىگەندە قارىسام بىر تەخسە ئاش ئۈچ مو ئىكەن . مەن ھېسابلاپ چىقتىم .

— دادا ئۈچ تەخسە ئاش توققۇز مو بولدى ھە .

— ھەئە ، سەن قانداق بىلدىڭ ؟

— مەن ھېسابلاپ چىقتىم .

— ۋاي مېنىڭ ھېسابچى قىزىم . قالتىس ھېساباتچى بولغۇدەكسەن ، راست توققۇز مو بولىدىكەن .

دادام مېنىڭ ئوقۇشتا ئىلگىرىلىگەن ھەربىر قەدىمىمگە ، ھەربىر سۆزۈمگە بەك ئېتىبار بېرەتتى . مەنمۇ دادامنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنەتتىم .

دادام ئانامغا بىر تەخسە تاماق ئېلىپ ئاشخانىدىن بىزنى ئېلىپ قايتىپ چىقتى . ئانام كىر يۇيۇپ ھېرىپ كەتكەچكە ئىشىك ئالدىدا ئۇكامنى تۇتۇپ ئولتۇرغانىكەن . قولۇم - قوشنىلار دادامنىڭ يوغان تەخسىدە ئاش كۆتۈرۈپ كەلگىنىنى كۆرۈپ كۈلۈشتى .

— رابىخان ، ھۇسىيىنخۇن سىلىنى جاپا تارتتى دەپ ئاش ئەكەپتۇ .

— تەلەيلىك خوتۇن - دە سىلى ، رابىخان .

ئانام نومۇسچان ، كەم سۆز ، مۇلايىم ئايال ئىدى ، ئۇ خىجىل بولۇپ كەتتى . قوشنىلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى .

— يۈرۈڭلار ، ئۆيگە كىرىڭلار ، چاي - پاي ئىچىپ چىقىڭلار .

— رەھمەت ، رابىخان ، يېگەن - ئىچكەندەك بولدۇق .

قوشنىلار ئۆيلىرىگە قايتىشتى . دادام ، ئانام ، ئۇكام ۋە مەن ئۆيگە كىردۇق . كىچىك ئۇكام ئۇخلاپ قالغانىكەن ، ئانام ئۇنى ياتقۇزدى ، دادام ئەكەلگەن ئاشنى كۆرۈپ ئانام بېشىنى چايقىدى .

— نېمە قىلاتتىڭ ئاش كۆتۈرۈپ كېلىپ ، چاي ئىچىپ يېتىپ قالسامۇ بولاتتىغۇ .

— سېنى ھېرىپ كەتتى دەپ ئەكەلدىم .

— ھارمىدىم ، ھاردۇقۇم چىقتى . بالىلار يېسۇن ، ئۆزلىرىمۇ .

— بىز ئاش يېدۇق ، دادامۇ يېدى ، سەن يە ، ئانا .

— پۇلنى بۇزۇپ يۇرگۇچە ئۆيگە كەلگەن بولسىلا بىر نېمە ئەتمەمتىم .

— ۋاي پۇل ، پۇل دەپ قاپسەن ، خوتۇن ، پۇلنى ئادەم تاپىدۇ ، تولا سۆزلىمەي ئاشنى يېمەمسەن .

ئانام خۇددى مېھماندا ئولتۇرۇپ ئاش يېگەندەك ئەدەپ بىلەن بىر چىمدىم ، بىر چىمدىمدىن ئاش يېيىشكە باشلىدى ، دادام ئانامنىڭ ئاش يېگىنىنى بىزگە دوراپ بەردى ، بىز كۈلدۇق ، ئانام نېمە ئىشلىقىنى ئۇقالماي بىر دادامغا ، بىر بىزگە قارايتتى .

دادام ئاچچىقى كەلگەندە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغان ، ئاچچىقى يانغاندا ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل مېھرىبان ئادەم

ئىدى ، ئادەتتە چۈشتە ئۆيگە كەلسە ئاش پىشمىغان بولسا ئۆيدە بوران ئۇچۇراتتى ، ئانامغا ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كېـ تەتتى . ئانام ياۋاش ئايال بولغاچقا دادامغا گەپ ياندۇرمايتـ تى . دەردىنى ئىككى كۆزىدىن ئالاتتى . دادامنىڭ ئاچچىقى يانغاندا بولسا دادامنىڭ دېگەن ـ ئەتكىنىنى يۈزىگە سالمايتـ تى ، لېكىن يىغلاپ قېيىداپ ئولتۇرۇۋالاتتى . دادام ئانامغا چاقچاق قىلىپ كۆلدۈرۈشكە تىرىشاتتى . چىرايلىق كۆڭلەكـ لىك ، ئاياغ ، دوپپا ئەكېلىپ بېرەتتى . لېكىن ئانامنىڭ كۆڭلى ئاسان ئېچىلمايتتى . تاكى دادام ئەپۇ سورىمىغىچە ئاچچىقى يانمايتتى . ئانام ، دادام ئاق كۆڭۈل مېھرىبان ئەر ـ خوتۇنلار ئىدى . ئۇلارنىڭ خېلى رومانتىك مۇھەببەت تارىخى بار ئىدى . ئانام ، دادام بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈـ شۇپ ئېلىشىپ تېگىشكەن ، كېيىن تۇغقانلارنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن ئۆي بۇزۇلۇشقا ئاز قالغاندا مەن تۇغۇلۇپ قېلىپ قايتا ئۆي بولۇپ قالغانىكەن ، دادام دائىم مېنى «بىر ئۆينى ئۆي قىلغان بالام» دەپ ئەركىلىتەتتى . مەن ئانامدىن : «دادام نېمىشقا مۇنداق دەيدۇ ؟» دەپ سورىدىم ، ئۇ : «بىزنىڭ ئۆيىمىز بۇزۇلۇپ ، ئاجراشقىلى بارغاندا ، سەن بويۇمدا بار ئىدىڭ ، قازىئانۇم مەندىن ‹ئاجرىشىشقا قوشۇلدىڭىزمۇ ؟› دەپ سورىسا ، مەن ‹ياق ، ئۆيۈمنى تۇتقۇم بار› دەپتىمەن . دادام رەھمىتى ناھايىتى ئۇڭايسىزلىنىپ كەتكەنىدى . داداڭغا ئاكىسى ھەمراھ بولۇپ بارغانىكەن . مېنى بولسا دادام قازىـ خانىغا ئاپارغانىدى . مەن ئۇ چاغلاردا ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشلاردىكى كىچىككىنە بالا چوكان ئىدىم . داداڭ بولسا مەنـ دىن ئون بەش ياشلار چامىسىدا چوڭ ئىدى . مەن كىچىك ھەم نادان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆگەي ئانىنىڭ ئالدىدا چوڭ

بولغاچقا، داداڭ بىلەن ئۆي تۇتۇش ئارزۇيۇم كۈچلۈك ئى-دى. كېيىن مېنى دادام ۋە ئۆگەي ئانام ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇ-ۋالدى، داداڭ يېزىدىن شەھەرگە كېتىپ شۇ يەردە خىزمەت قىلاتتى. كېيىن داداڭ مېنى ئاتىنىڭ كەينىگە مىنگەشتۈرۈپ شەھەرگە ئەپقاچتى. مېنىڭ دادام بەك نومۇسچان ئادەم ئى-دى، مېنىڭ داداڭ بىلەن قاچقىنىمنى بىلىپ نەچچە ئايغىچە ئۆيدىن تالاغا چىقماي ياتتى» دېدى.

— سەن دادام بىلەن شەھەردە توي قىلدىڭمۇ؟

— ۋاي نادان، بىز تېخى رەسمىي ئاجراشمىغان، داداڭ-نىڭ نىكاھىدا ئىدىم.

— ئۇنداقتا چوڭ دادام نېمىشقا ئاغرىپ ياتىدۇ؟

— مېنى ئاجراشتۇرۇۋالماقچىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دا-دامدىن بىسوراق ئۆيدىن قېچىپ چىقتىم - دە.

— چوڭ دادام راسا خاپا بوپتۇ - دە، كېيىن قانداق بولدى؟

— كېيىن سەن تۇغۇلدۇڭ، دادام شۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئەپۇ قىلدى.

مەن خۇشال بولۇپ چاۋاك چېلىۋەتتىم. ئانام مەن بى-لەن خۇددى چوڭ كىشىلەر بىلەن مۇڭداشقاندەك مۇڭدىشات-تى. دائىم مۇڭدىشىم بالام، قېرىندىشىم بالام، ئانام بالام، دادام بالام دەيتتى. مەن ئانامنىڭ بارلىق يۈرەك سىرلىرى، خاپىلىق، خۇشلۇقلىرى، مۇھەببەت - نەپرىتىنىڭ گۇۋاھ-چىسى ئىدىم، ئانام ئاتا - ئانىسىدىن يالغۇز قىز ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى - ئۈچ قانداش بىر تۇغقانلىرى بار ئىدى. ئۇلار ئوغۇل باللار بولغاچقىمۇ ئۇلار بىلەن مۇڭدىشالمايت-تى. ئانام دائىم يۈرەك سىرلىرىنى ماڭا ئېيتاتتى. مەن

سەككىز — توققۇز يېشىمدىن باشلاپلا ئانامنىڭ دەرد - ئەلەم، خاپىلىق، خۇشلۇقلىرىنى ئاڭلاپ چوڭ بولدۇم ھەم بۇ گەپلەرنىڭ باشقىلارغا ئېيتمايدىغان سىر ئىكەنلىكىنى، بۇنى باشقىلارغا دېمەي سىر قىلىپ ساقلاش كېرەكلىكىنى بىلگەنىدىم. ئانا ئۇچۇن قىز بالىنىڭ ھەم بالا، ھەم ئۇرۇق - تۇغقاندىن چارە ئۇرۇق - تۇغقان ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدىم.

## دادام غۇلجىغا كەتتى

ئانامنىڭ تۇغقىنى تۇرغۇنئاخۇن تاغام ۋە قەمبەرخانلار غۇلجىغا كېتىشكە تەييارلىق قىلىشتى. قەمبەرخان ئاچامنىڭ ئاغزىدىن غۇلجىنىڭ گېپى چۈشمەيتتى. ئۇ ياش ۋاقتىدا بىر سودىگەرگە تېگىپ غۇلجىغا كەتكەنىكەن. كېيىن ئۇئادەم ئۆلۈپ كېتىپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەنىكەن. ئۇلار ئۇزۇن يىل تەييارلىق قىلىشىپتۇ. غۇلجىنى ماختاۋېرىپ دادامنى قايىل قىلىشىپتۇ. ئانامنىڭ كەتكۈسى يوق ئىدى. لېكىن دادام بىر ئىشنى قىلىمەن دېسە قىلماي قويمايدىغان ئادەم بولغاچقا، ئاقىۋەت يولغا تەييارلىق باشلاندى، يەرلەرنى، ئۆيلەرنى ساتتى. ئانامنىڭ بىر توقاي ئالتۇن جابدۇقلىرىنىمۇ سېتىۋەتتى، يولغا تەييارلىق باشلاندى. بىزگە ئۇزۇن پاختىلىق چاپان، پاختىلىق ئىشتان، پىيما تەييار قىلىشتى. چۈنكى مۇز داۋاندىن ئۆتىدىغان گەپ ئىكەن. بىز تۇرغۇن ئاكا ۋە قەمبەرخان ئاچامدىن مۇز داۋان ھەققىدە نۇرغۇن ساۋاتقا ئىگە بولغانىدۇق. مۇز داۋاندىن ئورۇق ئات ۋە يېلىڭ ئادەملەرنىڭ ئۆتەلمەي، توڭلاپ قالىدىغىنىنى بىلەتتۇق. دا-

دام نوچى ئاتتىن ئىككىنى سېتىۋالدى . ئۇ ئاتلار ئېغىلىمىز-دا چاپچىپ تۇرىدىغان بولدى ، قەشقەردە ئات قىممەت بولسا كېرەك ، نۇرغۇن پۇلغا سېتىۋالغانىنىڭ گېپىنى قىلىشاتتى ، هارۋا ياساتتى . بىز ئات هارۋا بىلەن ، دادام ئاتلىق سەپەر قىلماقچى ئىدۇق . بارلىق تەييارلىقلار پۈتتى ، مانا ئەتە ـ ئۆگۈن يولغا چىقىمىز دېگەن كۈنلەردە ئانامنىڭ هامىلىدار ئىكەنلىكى بايقالدى . شۇنىڭ بىلەن غۇلجا سەپىرى توختاپ ئانام يەڭگىپ بولغاندىن كېيىن ، ئەتىيازدا يولغا چىقماقچى بولدۇق . شۇ ئارىلىقتا قەشقەردىن غۇلجىغا ماڭىدىغان بىر ماشىنا چىقىپ قالدى ، ئۇنىڭدا قەشقەر سەنئەت ئۆمىكىدىن ۋە باشقا ئىدارىلەردىن بولۇپ بىر ماشىنا ئادەم سەپەر قىلىدى-كەن ، ئۇلار دادامنىڭ غۇلجىغا تەييارلىق قىلىۋاتقىنىنى بىلى-گەچكە بىللە مېڭىشقا قىزىقتۇرۇشتى . دادام نۇرغۇن خۇ-رۇم ، كۆن ئۆتۈك ، مىس قازان ، چۆگۈن ، گىلەم ، يىپەك رەخت قاتارلىقلارنى ئېلىپ تەييارلاپ قويغانىدى . دادام ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئازراق بىر قىسمىنى ماشىنىغا باستى . ماشىنا شەهەرنىڭ چېتىدىن قوزغالماقچىكەن ، بىز دادامنى ئۇزىتىپ چىقتۇق ، بىز كېرەمباغنىڭ يېنىدا ماشىنىنىڭ قېشىدا تۇر-دۇق . دادام ماشىنىغا چىقتى . ئۇكام تۆت ـ بەش ياشلاردا بولۇپ بەك شوخ ئىدى ، كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆزىدىن چوڭ باللارنى ئۇرۇپ قويۇپ جېدەل تېپىپ بېرەتتى . دادام ئۇ-كامنى ئەكېتىدىغانلىقىنى بۇرۇن ئېيتمىغانىدى ، شۇڭا ما-شىنىغا ئۇكامنى چىقىرىۋالدى ، ئانام ئۇكامغا ئېسىلدى ، ئۇكام يىغلاشقا باشلىدى . دادام :

— خوتۇن ، سەن ئىككى بالىغا قارىساڭمۇ چوڭ گەپ . بۇنى مەن ئالغاچ كېتەي ، — دېدى .

شۇنداق قىلىپ دادام بىلەن ئۇكام تاغدەك يۈك ـ تاقلارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ غۇلجىغا كەتتى . مەن دادامنىڭ تاغدەك يۈكنىڭ ئۈستىدە ئۇكامنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرغىنىنى ئويلىسام يۈرىكىم ئەنسىزچىلىككە چۆكەتتى . كېچىلىرى ئانامدىن يوشۇرۇن يىغلايتتىم . دادام ۋە ئۇكامنىڭ غۇلجىغا ئامان ـ ئېسەن يېتىپ بېرىشىنى تىلەيتتىم . بىر ئاي بولدى دېگەندە غۇلجىدىن خەۋەر كەلدى ، دادام غۇلجىغا ئامان ـ ئېسەن يېتىپ بېرىپتۇ . قارادۆڭ دېگەن يەردىن ئۆي ئېلىپ ئورۇنلىشىپتۇ ، ئەمدى يازدا كېلىپ بىزنى ئېلىپ كەتمەكچىكەن ، ئانام ۋە مەن خاتىرجەم بولدۇق .

دادام مېڭىپ ھەپتىلەردىن كېيىن تۇرغۇن تاغام ، قەھبەرخان ئاچام ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى موتەك سارالىڭ لەقەملىك بىر بېقىۋالغان بالا (ئۇمۇ يىگىرمە نەچچە ياشلاردا ئىدى) غۇلجىغا مېڭىشتى ، دادام سېتىۋالغان ئىككى ئاتنى سېتىپ پۇلىنى ئەكېلىپ بېرىمەن دېگەنىدى . كېيىن ئاتنى ساتماي غۇلجىغا ئاپىرىپ ھۆسەيىنئاخۇنغا بېرىمەن دەپ ئاتنى مىنىپ يولغا چىقىپ كېتىشتى .

## دادام قايتىپ كەلدى

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە دادام غۇلجىدىن قايتىپ كەلدى ، ئۇكاممۇ خېلى بوي تارتىپ چوڭ بولۇپ قاپتۇ ، ئۇنىڭ كەپسىزلىكلىرى تۈگەپ ئېغىر ـ بېسىق بالا بوپتۇ . ئۇنى گەپكە سېلىپ غۇلجا ھەققىدە خېلى بىر نەرسىلەرنى بىلىۋالدۇق ، غۇلجىدا رۇسلار كۆپ ئىكەن . يەرلىك خەقلەرمۇ رۇسچە بىلىدىكەن .

دادامنىڭ گېپىگە زەن سالسام تۇرغۇن ئاكىلاردىن قات-
تىق رايى يېنىپتۇ . دادام نۇرغۇن پۇلغا سېتىۋالغان ئاتلارنى
يولدا مۇز داۋاندا غارغا غۇلاپ كەتتى دەپ يالغان ئېيتىپ ،
كوچادا سېتىۋېتىپتۇ . بۇنى دادام ئىشەنچلىك كىشىلەردىن
ئاڭلاپتۇ ، دادام «ئالغاچ چىقىڭ» دەپ بەرگەن گىلەم ، ئۆ-
تۈك ، مىس چۆگۈن ، مىس قازان قاتارلىق ماللارنى ئات
بىلەن بىللە غۇلاپ كەتتى دەپ يوق قىلىپتۇ . دادام بۇ ئىش-
لارنىمۇ بولدى قىلىپ تۇرغۇن ئاكا بىلەن ئوقەت قىلىش
ئۈچۈن بىر ئاشخانا ئېچىپتۇ . ئاشخانىدا مەخسۇس پولۇ ،
مانتا سېتىپ قالتىس پۇل تېپىپتۇ . بىر كېچىسى دادام
تاغدىن قوي ئەكېلىشكە كەتكەنىكەن ، تۇرغۇن ئاكا «ئۆيگە
ئوغرى كىرىپتۇ» دەپ پۈتۈن پۇللارنى يوق قىلىپ قاراپ
ئولتۇرۇپتۇ . دادامغا نۇرغۇن زىيان ساپتۇ ، دادامنىڭ بۇ
ئىشلاردىن رايى يېنىپتۇ . يېقىن تۇغقاندىن كەلگەن ۋاپا شۇ
بولغاندىكىن ، ياتتىنمۇ نېمە ياخشىلىق كەلمەكچىدى دەپ
قىيداپ قايتىپ كەپتۇ .

كىچىك بالا دېگەننىڭ تازا تۇرالغۇسى يوق ، غۇلجىغا
بارىمەن ، جەننەتنى كۆرىمەن دەپ كېچە - كۈندۈز ئارزۇ
قىلىپ غۇلجىغا بارالماي روھىم چۈشتى . لېكىن ئامراق
دادام ، ئامراق ئۇكامنى كۆرۈپ بېشىم ئاسمانغا يەتتى .

غۇلجا سەپىرى بىزگە نۇرغۇن زىيانلارنى سالدى ،
مال - دۇنيالىرىمىزنى ، يەر - زېمىن ، قورۇ - جايلىرىمىز-
نى ئېلىشقا سېتىپ يىغقان پۇللىرىمىزنىڭ بىر قىسمىنى
تۇرغۇن ئاكام يوق قىلدى . قالغان تەڭگە پۇللارنى ھۆكۈمەت
تېگىشىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چىقارسىمۇ ئانام دادامدىن
بىسوراق پۇل تېگىشىشكە جۈرئەت قىلالماي ساندۇققا بېسىپ

قويغانىدى ، دادام كەلگەندە تېگىشىش ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ تەڭگە پۇللار پاخال بولۇپ كەتتى . بىر خالتا تەڭگىنى بانكىغا ئۆتكۈزەلمەي زەرگەرگە جىڭلاپ ناھايىتى ئەرزان سېتىشقا توغرا كەلدى . ئانام مۇشۇ زىيان ھەققىدە قاچان گەپ باشلىسا ناھايىتى ئازاب چېكەتتى . دادام بولسا «ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات ، خوتۇن ، يىغلىغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ» دەيتتى ، دادام كەڭ قورساق ، غەيرەتلىك ، قالتىس ئادەم ئىدى . قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلمايتتى . خەققە ئوڭايلىقچە ۋەدە بەرمەيتتى ، ۋەدە بەرسە ۋەدىسىدە چىڭ تۇراتتى . ئانامنىڭ تاغىسىنىڭ قىلغان ئوساللىقلىرىنى ھەرگىز ئانامنىڭ ۋە تۇغقانلارنىڭ يۈزىگە سالمايتتى ، بۇ ئىشلارنى دادام غۇلجىدىن كېلىپلا بىر دەپ بەرگەنچە كېيىن ھەرگىز ئاغزىغا ئالمىدى .

## مەن يازغۇچى بولىمەن

ئۇستازىمىز ئەمەت ئىبرايىم ئېگىز بويلۇق ، قاملاشقان كىشى ئىدى ، ئۇ بىزگە ھېساب ، ئەدەبىيات قاتارلىق دەرسلەرنى بېرەتتى . ئۇ ئىنتايىن ئەستايىدىل ، تەلەپچان ئۇستاز ئىدى . بىز ئۇ كىشىنى بەك ھۆرمەتلەيتتۇق ھەم ئەيمىنەتتۇق . بىر كۈنى ئۇ سىنىپتا دەرسلەرنى ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن بىزگە گېزىت ئوقۇپ بەردى ، يەنە توققۇز ياشلىق سىدا دېگەن ھىندى قىزىنىڭ «دوستلۇق» دېگەن تېمىدا ھېكايە يېزىپ خەلقئارادا مۇكاپاتلانغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى ، مېنىڭ خىيالىمدىن مۇنۇ ئويلار كەچتى ، سىدا توققۇز ياش ئىكەن ، مەنمۇ بۇ يىل توققۇز ياش ، سىدا ھېكايە يېزىپتۇ ، مەنمۇ يازسام بولىدۇ ، مەن كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرەت-

تىم . ئوقۇش كىتابىمىزدىكى ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى ئوقۇۋېرىپ يادا بولۇپ كەتكەنىدى . پۇشكىنىنىڭ «بېلىقچى بىلەن ئالتۇنبېلىق» ھەققىدە چۆچەكنى يادقا ئېيتىپ بېرەلەيتتىم . تېيىپجان ئېلىيوف ، ئەلقەم ئەختەملەرنىڭ بەزى شېئىرلىرىنى ، زىر ـ زەۋىرىگىچە يادلاپ بېرەتتىم . لېكىن كىتابتىكى ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى يازغۇچىلارنىڭ يازىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم . مۇشۇ ئۇستازىم يازغۇچىلار ھەققىدە ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى .

توققۇز ياشلىق ھىندى قىزى سىدا «دوستلۇق» تېمىسىدا ھېكايە يېزىپ مۇكاپاتقا ئېرىشىپتۇ . مەنمۇ سىدادەك يازغۇچى بولۇشۇم ئۈچۈن قانداق قىلىشىم كېرەك ؟

مەن ئوقۇش كىتابلىرىدىكى شېئىر ـ ھېكايىلەرنى دەپتىرىمگە كۆچۈردۈم . بۇلارنى ئاتا ـ ئانامغا ئوقۇپ بەردىم . ئۇلار بەك مەزمۇنلۇق ئىكەن دەپ قايىل بولۇشتى . كېيىن دادام ، ئانام ماڭا ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بەردى ، مەن ئۇنىمۇ دەپتىرىمگە يېزىۋالدىم . ئۇلارنى مۇئەللىمگە كۆرسەتتىم . مۇئەللىم ئۇنى كۆرۈپ مېنىڭ تىرىشچانلىقىمنى ماختىدى . لېكىن يازغۇچى بوپسەن دېمىدى ، مەن مۇئەللىمدىن «قانداق قىلسام يازغۇچى بولالايمەن» دەپ سورىدىم . مۇئەللىم جىددىي ئادەم ئىدى ، ئوڭايلىقچە كۈلمەيتتى ، بۇ قېتىم مېنىڭ سوئالىم ئۇنى كۈلدۈردى ، كۆزلىرىدىن ھەيرانلىق ، شادلىقتەك بىر ئۇچقۇنلار چاقنىدى ، ئۇ يازغۇچىنىڭ جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ۋەقە ھادىسىلەرنى كۆزىتىپ ، ئۇلار ھەققىدە ئەسەر يازىدىغانلىقىنى ئاددىي چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردى . يەنە يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن كۆپ كىتاب كۆرۈش ، كۆپ بىلىمگە ئىگە بولۇش كېرەكلىكىنى چۈشەن-

-دۇردى .

مەن دەرسلىك كىتابلىرىمنى قولۇمدىن چۈشۈرمەي ئو-قۇدۇم ھەم مۇئەللىم ئېيتقاندەك خاتىرە قالدۇردۇم ، قولۇم - قوشنىلاردىن دادام كىتاب سوراپ ئاچىقىپ بەردى ، ئابدۇرېھىم دەيدىغان بىر ماشىنىچى ئۇستام بولىدىغان ، ئۇ-نىڭ كىتابلىرى كۆپ ئىكەن . مەن ئۇنىڭدىن كىتابلارنى ئارىيەت ئېلىپ ھەممىسىنى ئوقۇپ بولدۇم . بىر قېتىم قولۇمغا ۋېكتور گىيوگونىڭ «پاجىئەلىك دۇنيا» رومانىدىن پارچە «گاۋرۇش» دېگەن بىروشۇرىسى چۈشۈپ قالدى . گاۋ-رۇش دېگەن بالا پارىژ ئىنقىلابچىلىرى تەرەپتە تۇرۇپ ئەك-سىيەتچى كۈچلەرگە قارشى جەڭگە قاتنىشىدىكەن . ئۇ بارر-كادا ، توسۇقلاردىن ئۆتۈپ ، ئوقلار قايناپ تۇرغان جەڭگاھقا كىرىپ ئوق تېرىپ ئىنقىلابچىلارغا ياردەم بېرىدىكەن ، ئاخىر-رى ئوقلار يېغىپ تۇرغان جەڭگاھتا ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئو-قىدا باتۇرلارچە قۇربان بولىدىكەن ، بۇ ۋەقە مېنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىۋالدى ، گاۋرۇشقا قايىل بولدۇم ، ئەكسى-يەتچىلەرگە غەزەپلەندىم . مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ بۇۋەقە-نى مەھەللىدىكى بالىلارغا سۆزلەپ بەردىم . كېيىن بىز مە-ھەللىدە «گاۋرۇش» دېگەن ئويۇننى ئويىندۇق ، مەن گاۋ-رۇش رولىنى ئالدىم . سومكامغا ئوقلار تېرىپ جەڭ مەيدانىدا ئازادلىق ، ئەركىنلىك ئۈچۈن «قۇربان» بولدۇم . ئىنقىلاب-چىلار قوشۇنىدىكى بالىلار ياغاچ مىلتىقلىرىنى كۆتۈرۈپ ئەكسىيەتچىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى سۈر - توقاي قىل-دى . تاماشىمىزنى كۆرۈپ تۇرغان چوڭلار بۇ يېڭى ئويۇنى-مىزنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ، ئۇلار بۇ ئويۇننى سىلەرگە كىم ئۆگەتتى ، دېيىشتى ھەيران بولۇپ .

— مەن ئۆگەتتىم ، — دېدىم مەغرۇر هالدا ، گويا «گاۋرۇش» دېگەن ئەسەرنى مەن يازغاندەك جاۋاب بەردىم . كۈندىلىك خاتىرەمگە (بۇنى ئۇستازىم ئۆگەتكەن ) شۇ كۈن- لۈك ئويۇن ھەققىدە خاتىرە يازدىم ، بۇ خاتىرىلىرىمنى ئۇس- تازىمغا كۆرسەتتىم ، ئۇستازىم ئۇلاردىن بەزىلىرىنى تاللاپ تام گېزىتكە چىقاردى ، تام گېزىتنىڭ ئەتراپىغا يوقىرى ، تۆۋەن يىللىقنىڭ بالىلىرى يىغىلىپ ئوقۇشتى ، شۇ مىنۇت- لاردا مەن خۇشاللىقتىن تىترەپ كەتتىم . ئۆز خىيالىمدا مەن يازغۇچى بولغاندىم . لېكىن ئۇستازىم مېنى تېخى يازغۇچى بولۇپسەن دېمىگەندى ، ئاشۇنداق خۇشلۇق ئارزۇ - ئارمانلار ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈردۈم .

نوۋېتى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئاكاتسىيىلىرى تۆت قې- تىم چېچەكلەپ ياپراقلار چىقاردى ، ئۇ چاغلاردا باشلانغۇچ مەكتەپتە تۆت يىل ئوقۇيتتۇق . 1955 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ ، قەشقەر سەمەن 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىندىم ، ئۇستازىمىز ساۋۇت ئەخمەت ياش ئېگىز بويلۇق بىر كىشى ئىدى . ئۇ تېخى بۇلتۇر قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ بۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەنىكەن . ئۇ ناھايىتى روھ- لۇق ، غەيرەتلىك ، ئەقىللىق ياش ئوقۇتقۇچى ئىدى ، بىزگە ئەدەبىيات دەرسى بېرەتتى . مەكتەپنىڭ يىغىلىشلىرىدا بالى- لارنى باشقۇرۇش ، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش ، بالىلارغا ناخشا ئۆگىتىش ئىشلىرىنى قىلاتتى . با- لىلارغا ناخشا ئۆگىتىپ ئۇنى پۇتۇپمۇ كېتەتتى . بۇ ئۇستاز تېخى شائىر ئىدى ، ئۇ ئەللىكىنچى يىللاردا «جەنۇبىي تىياز- شان» گېزىتىدە «قەلەم ۋە ئەلەم» قاتارلىق نۇرغۇن شېئىر-

لارنى ئېلان قىلغانىدى . ئۇ دەرستىن بىكار بولغان چاغلاردا بىزگە ھېكايىلار ئېيتىپ بېرەتتى . شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرەتتى . مۇشۇ ئۇستازنىڭ تەربىيىسى بىلەن بىزنىڭ سىنىپتا بىراقلا مەن ، ئېزىز سايىت ، ئابلىز ھوشۇر ، خۇدابەردى مۇھەممەت ، غۇلام ئەبەيدۇللا قاتارلىق يەتتە ساۋاقداش شائىرلىق كوچىسىغا كىردۇق ، شېئىرلار يازدۇق ، سىنىپ تام گېزىتلىرىدە ئېلان قىلدۇق . ئەگەر ساۋۇت ئەمەتتەك شائىر ئۇستازنىڭ تەربىيىسى بولمىغان بولسا مېنىڭ يازغۇچى بولۇش ئىستىكىم يوقىلىپ كېتەرمىدىكىن . ئاشۇ ئۇستازنىڭ تەربىيىسى بىلەن تۇنجى قېتىم شېئىر يازدىم . بۇ شېئىرنىڭ ماۋزۇسى «جىرىڭلايدۇ قوڭغۇراق» ئىدى .

سائەت يەتتە بولغاندا ،
جىرىڭلايدۇ قوڭغۇراق .
دەيدۇ گويا گۈلنارغا ،
ماڭ مەكتەپكە چاپسانراق .

شېئىر ئون كۈپلېت بولۇپ گۈلنار دېگەن قىزنىڭ سەھەر قوپۇپ دەرس تەكرارلىغانلىقى ، چاي ئىچىپ بوغچىسىنى ئېلىپ مەكتەپكە ماڭغانلىقى ، ھويلىسىدىكى كەپتەرنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىللە بېرىپ ، سىنىپقا كىرەلمەي دېرىزىگە قونۇپ ئولتۇرغانلىقى يېزىلغانىدى .

# «ئاققان سۇزۇك سۇ»

يازلىق ئىمتىھانلار باشلاندى ، مەكتەپتىن بىزنى قاتار قىلىپ تۆمەن دەرياسى بويىدىكى ھاۋالىق ، سايە ، سالقىن قىرغاققا دەرس تەكرارلاشقا ئېلىپ چىقتى . نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇغۇچىلار دەرەخزار ، قۇملۇق قىرغاقتا ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلىدۇق ، تۆمەننىڭ قىزغۇچ دولقۇنلۇق سۈيى قىرغاقلارنى سۆيەتتى . قانداقتۇر بىر ناخشىنى ئېيتقاندەك دولقۇنلاپ ئاقماقتا . مېنىڭمۇ يۈرىكىم دولقۇنلىماقتا . مېنىڭ قەلىمىم ئىختىيارسىز گراماتىكا كىتابىمنىڭ مۇقاۋىسىنىڭ ئىچىگە «ئاققان سۇزۇك سۇ» دەپ ماۋزۇ قويدى . ئۇ شېئىر مۇنداق باشلىناتتى :

ئېگىز تاغلاردىن پەسكە شارقىراپ ،
مارجانلار چېچىپ ئاققان سۇزۇك سۇ .
ئېتىز - ئېرىقلار ، گۈلزار ئارىلاپ ،
ناخشىلار ئېيتىپ ئاققان سۇزۇك سۇ .

يىراق - يىراقتىن خۇشال ئويناقلاپ ،
مەلەمگە كەلگىن ئاققان سۇزۇك سۇ .
چۆمۈلۈپ ساڭا ئويناپ كەچكىچە ،
تويمايمەن-بىلسەڭ ئاققان سۇزۇك سۇ .

ئېقىۋەر دائىم توختىماي قىش ياز ،
توختىما ھەرگىز ئاققان سۇزۇك سۇ .

سۆيمەن سىنىڭ ئىقتىشلىرىڭنى،
قەلبىمدەك پاكىز ئاققان سۈزۈك سۇ.

شېئىرىمنى بالىلارغا ئوقۇپ بەردىم. ئۇلار «بەك ياخشى بوپتۇ» دەپ ماختاشتى. بەزى بالىلار شاڭخۇ قىلىشىپ «قىپقىزىل گۈلدەك ئاققان سۈزۈك سۇ» دەپ قوشۇپ قويساڭ بولمامدۇ. تۈمەننىڭ سۈيى ھازىر قىزىرىپ، قىزىلگۈلگە ئوخشاپ قاپتۇغۇ دېيىشتى. مەن خىجىل بولۇپ قالدىم. راست، تۈمەن سۈيى لېيىپ قىزىل ئېقىۋاتىدۇ. لېكىن مېنىڭ لاي سۈنى تەسۋىرلىگۈم كەلمىگەننىدى. شېئىرنى تۈزەتمىدىم، شۇ يەردە غۇلجىلىق ياش ئوقۇتقۇچى ئابلىمىت ئابلىز بالىلارغا ئەدەبىياتتىن مۇزاكىرە قىلىپ يۈرەتتى. مەن ئۇنى شېئىر يازىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشىق شېئىرلىرىنى كۆرۈپ بېرىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم. مەن بۇ شېئىرىمنى ئاققا كۆچۈرۈپ ئابلىمىت ئابلىزغا بەردىم، ئۇ ئۇستاز شېئىرىمنى ئوقۇدى. بۇ شېئىرىمنى ئوقۇپ بولغۇچە مەن گويا تىن تارتمىغاندەك ھودۇقۇش ۋە ھاياجان ئىچىدە ساقلاپ تۇردۇم. ئۇ ئۇستاز شېئىرىمنى ئوقۇپ چىقىپ ماڭا ئەجەبلەنگەندەك قارىدى، قەغەزنى قاتلاپ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بالىلاردىن بىرى «ئابلىمىت ئابلىز چاقىرىۋاتىدۇ» دېدى. مەن يۈگۈرۈپ ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا باردىم. ئىشخانىغا كىرەلمەي بوسۇغىنىڭ تۈۋىدە ساقلاپ تۇردۇم. بىر چاغدا ئاق چۈچۈنچە رەختتىن شىم ـ كاستۇم كىيگەن قەددى ـ قامەتلىك بۇ ئۇستاز قولتۇقىدا يوقلىما دەپتەر ۋە كىتاب كۆتۈرگەن ھالدا ئىشىكتىن چىقتى. مېنى كۆرۈپ مەيدە يانچۇقىدىن شېئىرىم

كۆچۈرۈلگەن قەغەزنى ئالدى ، ئېچىپ يەنە بىر رەت ئوقۇدى ، كېيىن قەغەزنى قولۇمغا بەردى . گەپ ـ سۆزمۇ قىلمىدى . يوقلىمىنى قولىغا ئېلىپ سىنىپلارنىڭ بىرىگە كىرىپ كەتتى . مەن شۇ يەردىلا قەغەزنى ئاچتىم . ئىككىنچى بەت ئۈچىنچىنى كۆپلىتىنىڭ كەينىگە ئۇستاز مۇنۇ مىسرالارنى قوشۇپ قويۇپتۇ :

قەلبىم بېغىدىن چېچەك ئۈندۈرۈپ ،
زوقۇمنى تارتىنىڭ ئاققان سۈزۈك سۇ .
زوق بىلەن سېنى قېنىپ ئىچسەممەن ،
ھەسەلدەك شېرىن ئاققان سۈزۈك سۇ .

يەنە شېئىرنىڭ ماۋزۇسىنىڭ بېشىغا «سىز شېئىر يې-زىشتا مەكتىپىمىزدىكى قىزلار ئىچىدە بىرىنچى ئىكەنسىز . كەلگۈسىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق شائىرەلىرىدىن بو-لۇپ چىقىشىڭىزغا تىلەكداشمەن .

ئا . ئابلىز »

دەپ يېزىپ قويۇپتۇ ، مەن ھاياجانلاندىم . شادلىقتىن كۆزلى-رىمدىن ياشلار قۇيۇلدى ، سىنىپقا يۈگۈرۈپ كىردىم . كى-رىپلا ساۋاقدىشىم نۇرگۈلگە قەغەزنى كۆرسەتتىم . قەغەز ئۇنىڭ قولىدىن ئارقىدىكى پارتىغا ئۇنىڭدىن باشقا پارتىدىكى ساۋاقداشلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى . ھەممە ساۋاقداشلار ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشتى . ھەممىسى مېنى شائىر قىز-چاق دەپ ئاتاشتى . مەن شۇ چاغدا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «مۇھەببەت ۋە نەپرەت» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ۋە باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرلار توپلاملىرىنى سېتىۋالغاندىم . ئۆ-

يۈمنىڭ تەكچىلىرى كىتابلار بىلەن توشتى . شۇ چاغدا يەنە دىلىڭ لىڭنىڭ «سۆڭگەن دەرياسى ئۆستىدە نۇر » ناملىق كىتابىنى ئوقۇۋاتاتتىم . ئوقۇتقۇچى مېنىڭ كىتابىمنى كۆرۈپ دىلىڭ لىڭ ھەققىدە سۆزلەپ بەردى ، «ئۇ جۇڭگودىكى بىردىنبىر ئايال يازغۇچى » دېدى . مەن «ئۇنىڭ يەنە باشقا كىتابى بولسا ئوقۇسام بولاتتى » دېدىم . ئۇستاز «بۇ ئايال يازغۇچى بىر كىتابچىلىق نەزەرىيىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى . بەلكىم داڭلىق ئەسەردىن بىرنى يازغاندىكىدىن باشقا كىتاب يازمىسا كېرەك » دېدى . مەن ئەگەر مۇنداق ياخشى كىتاب يازالايدىغان بولسام ھەرگىز توختىمىغان بولاتتىم دېدىم . «سۆڭگەن دەرياسى ئۆستىدىكى نۇر » سىنىپتا بالىلارنىڭ قولىدىن قولىغا ئۆتتى . مەن كىتابتىكى ۋەقەلەر ، پېرسوناژلار ھەققىدە ۋە ئايال يازغۇچى دىلىڭ لىڭ ھەققىدە كۆپ سۆزلەپ كەتسەم كېرەك ، بالىلار ماڭا «دىلىڭ لىڭ خانىم» دەپ ئات قويۇۋېلىشتى ، مەن بۇ لەقەمگە ئامراق ئىدىم ، خۇشال بولاتتىم . مەن يازغۇچى بولۇشنى كۆڭلۈمگە بىر مەقسەت قىلىپ پۈكتۈم .

1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

# قىزىمنىڭ كۆندىلىك خاتىرىسى

كۆڭۈللۈك يازلىق تەتىلمۇ ئاخىرلىشىپ يېڭى مەۋسۇم-لۇق ئوقۇش باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى . كەچلىك تاماقتىن كېيىن قىزىم ماڭا بىر دانە خاتىرە دەپتەرنى تەڭلەپ :
— ئاپا ، تەتىللىك تاپشۇرۇقتا ئىمزا قويۇپ بېرىڭ ،— دېدى .
— تۇنۇگۇن ئىمزا قويۇپ بولدۇمغۇ ؟ — دېدىمەن .
— سىز ئىمزا قويۇپ بولغىنى ئادەتتىكى تاپشۇرۇق ، ماۋۇ كۆندىلىك خاتىرە . مۇئەللىم تەتىل ئىچىدە بەش پارچە كۆندىلىك خاتىرە يېزىڭلار ، دېگەنىدى ،— دېدى ئۇ قەلەمنىڭ قاپقۇقىنى ئېچىپ ماڭا تەڭلىگەچ .
مەن خاتىرە ۋە قەلەمنى قولىدىن ئالدىم . قىزىم بولسا ئەتە مەكتەپكە ئېلىپ بارىدىغان دەپتەر - ماتېرىياللارنى سومـ-كىسىغا جايلاشتۇرۇش بىلەن بەند بولۇپ كەتتى . مەن سافاغا ئولتۇرۇپ دەپتەرنى ئاچتىم . كۆزۈم بىرىنچى بەتتىكى «ئۇنـ-تۇلماس بىر ئىش» دېگەن ماۋزۇغا چۈشكەندە ئىختىيارسىز قىزىقىپ قالدىم ۋە «كىچىككىنە بالىغا ئۇنتۇلغۇسىز تۇيۇل-غان نېمە ئىشتۇ» دەپ ئويلىدىم . چۈنكى ئالدىنقى مەۋسۇممۇ كۆندىلىك خاتىرە دەپتىرىگە ئىمزا قويغۇزغانىدى . بالىنىڭ خاتىرىسى بالىغا لايىق - دە ، ئۇ دائىم دېگۈدەك «بايرام كۈنى» «ئەترەت پائالىيىتى» دېگەندەك ماۋزۇلاردا خاتىرە

يازاتتى . بۇ قېتىمقىسى ئالاھىدە بولغاچقا مېنى باشقىچە جەلپ قىلدى . خاتىرە مۇنداق باشلانغانىدى :

«بۇ ئىش مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ . بۇ يىل تەتىلدە ئائىلە بويىچە يۇرتقا تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن يولغا چىقتۇق . كارىۋاتلىق ئاپتوبۇس يولۇچىلار بىلەن لىق تولغانىدى . ئاپ-توبۇستا مەن دېمەتلىك بالىلاردىنمۇ بەش - ئالتىسى بار ئىدى . ئاپتوبۇس قوزغىلىپ خېلى ئۇزۇنغىچە كىشىلەر ئۆز-ئارا تونۇشۇپ ، پاراڭ سېلىشىپ مېڭىشتى . بىز بالىلارمۇ بىر يەرگە كېلىۋېلىپ ، تېپىشماق تېپىشىپ ، ناخشا ئېيتىپ ئوينىدۇق . چۈشتىن كېيىن يولغا چىققان ئاپتوبۇس بولغاچقا ئۇزۇن ئۆتمەيلا كەچ كىرىشكە باشلىدى . ئاتا - ئانىلىرىمىز بىزلەرنى ئۆز يانلىرىغا چاقىردى . مەن كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ سومكىمدىن بىر مىنېرال سۇنى ئېلىپ ئىچەي دەپ تۇرۇشۇمغا ئىككى — ئۈچ ياشلاردىكى سېمىز بىر ئوغۇل بالا ماڭا قولىنى سۇنۇپ :

— ئەت ، ئەتتە ، ئەتتە ، بە ،— دەپ تۇۋلىدى (بەلكىم ئەكەل دېسە كېرەك ) . مەن دەرھال قولۇمدىكىنى بالىغا تەڭلىدىم . دەل شۇ چاغدا :

— ھاجى مۇختەرجان غوجام بۇياققا كەلسىلە ، — دەپ ھېلىقى بالىنى بىرى چاقىردى . مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم . تۇۋلىغان ئايال ئۇدۇلىمىزدىكى كارىۋاتتىكى سە-پەردىشىمىز ئىكەن . ئايالنىڭ يېنىدا بىر موماي ۋە يەتتە — سەككىز ياشلاردىكى بىر قىزمۇ بار ئىدى (مەن دەسلەپتە دىققەت قىلمىغانىكەنمەن ) . مەن بۇ كىچىككىنە بالىنىڭ ئىسمىنىڭ ئۆزىدىن چوڭ ئىكەنلىكىگە ھەيران بولۇپ تۇرغى-نىمدا ، ئاپام : «ھېچقىسى يوق ، كىچىك بالا ئەمەسمۇ ئوينا-

ۋەرسۇن» دېدى ـ دە ، سومكىدىن «ۋاخاخا» ماركىلىق مىنېرال سۇدىن بىرنى ئېلىپ ئۇتقۇزۇپ قويدى . بالا بولسا قولىدىكىگە قاراپ «ۋاخاخا ، ۋاخاخا ، ھى··· . ۋاخاخا··· » دېگىنىچە ئاپىسىنىڭ يېنىغا ماڭدى . بەلكىم تېلېۋىزوردىن تولا كۆرۈپ بىلىۋالغان بولسا كېرەك . ھېلىقى ئايال سەل خىجىل بولغان ھالدا :

— ئاۋارە بولدىلا ، ھەي كىچىك بالا دېگەن شۇ ،— دېگەچ بالىنى كارىۋاتقا ئالدى .

ئالەم قاراڭغۇلۇق ئىچىگە شۇڭغۇماقتا . يولۇچىلارمۇ يېتىشىپ ئارام ئېلىشقا باشلىدى . مەن بولسام يۇرتقا بۇرۇنراق بېرىپ ، نەۋرە ئاچا ـ ئۇكىلىرىم بىلەن تازا قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ئويناشنى ئويلايتتىم . چۈنكى بىز ئۈرۈمچىدە ئۇنداق قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ئوينىيالمايمىز . ئادەتتە مەكتەپتىن كەلسەك تاپشۇرۇق ئىشلەپ بولغۇچە كەچ بولىدۇ . دەم ئېلىش كۈنلىرى ئاتا ـ ئانىمىز توي ، نەزىرلەرگە كېتىدۇ . بىز ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرۈپ ، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئويناپ تۇرىمىز ياكى ھەرقايسى ئالىي ، ئوتتۇرا تېخنىكۇم مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان تۇغقانلارنىڭ بالىلىرى بىزگە ھەمراھ بولۇپ تۇرىدۇ . پەقەت بايرام كۈنلىرىلا ئاتا ـ ئانىمىز ۋاقىت چىقىرىپ بىزنى باغچىغا ئېلىپ بېرىپ ئوينىتىدۇ .

ماشىنا بىرخىل رىتىمدا تەۋرەنمەكتە . مەنمۇ خۇددى بۆشۈكتە ياتقاندەك ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتىم . قاچانلاردۇر ماشىنا ئىچىگە كىرىۋالغان پاشىنىڭ جىنىنىڭ بارىچە چېقىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم ۋە ئەدىيالنى ياپماقچى بولدۇم . دەل شۇچاغدا ئاپام ئورنىدىن قوزغىلىپ قولچىراغنى ياندۇردى ۋە ماڭا قاراپ :

— پاشا چاقتىمۇ ، قىزىم ؟ — دەپ سورىدى .
— ھەئە ، تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتىم . يۈزۈمنى ، بويىنۇمنى يەنە يۈرنۇمنى...
ئاپام ماڭا سىنچىلاپ قاراپ ، ۋاي جېنىم بالام مانا قاپىرىپ چىقىپتۇ ، دورا سۈرتۈپ قوياي ، دەپ سومكىنى ئاختۇرۇپ ،ئۆيدە تەييارلاپ قويغان دورىنى ئېلىپ سۈرتۈشكە باشلىدى . مەن پاچاقلىرىمنى كۆرسىتەي دەپ كارىۋاتتا ئول-تۇردۇم ۋە خىرە يورۇقتا ئۇدۇلىمىزدىكى كارىۋاتتىكى ھې-لىقى كۈندۈزى كۆرگەن مومايىنىڭ كارىۋاتنىڭ بۇلۇڭىدىكى كىچىككىنە جايدا مۈكچىيىپ ئولتۇرغانلىقى ، ھېلىقى ئايال ۋە ئىككى بالىسىنىڭ بولسا قوش كىشىلىك كارىۋاتنى لىق ئىگىلەپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم . ئىچىمدە «موماي نېمىشقا ئۇخلىمايدىغاندۇ» دەپ ئويلىدىم . ئاپام دو-رىنى سۈرتۈپ بولۇپ مېنى يېتىشقا ئۈندىدى ۋە ئۈستۈمگە ئەدىيالنى چۈمكەپ يېپىپ قويدى .

× ×

تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلگەندە ئاپتوبۇس مەلۇم جايغا كېلىپ توختىدى . كىشىلەر پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى . مەن ھېلىقى مومايغا قارىدىم . چېچىنىڭ تەگدىن تولىسى ئاقارغان بۇ مومايىنىڭ قورۇق باسقان يۈزلىرى تاتىرىپ كەتكەنىدى . كې-چىچە ئۇخلىماي ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزغاچقىمىكىن كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ . ھېلىقى ئايال كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۇ-رۇپ ، مومايىنى مەن كۈندۈزدە كۆرگەن ھېلىقى سېمىز بالد-نى پەسكە ئېلىپ تەرەت قىلدۇرۇپ چىقىشقا بۇيرۇدى . مو-

ماي ئىنجىقلاپ يۇرۇپ بالىنى ئەچۇشۇپ كەتتى . مەن ھېلىقى ئايالدىن :

— ئاپاش ، ئۇ مومای نېمىشقىمۇ بولىدۇ ؟ — دەپ سورىدىم .

— ئانام بولىدۇ ، ھە قانداق سوراپ قالدىڭىزغۇ ؟ — دېدى ماڭا تىكىلىپ .

— ھېچ··· ھېچنېمە ، ئۆزۈمچە سوراپ باقتىم ، — دېدىم مەن .

شۇ پەيتتە ئاپتوبۇس سىرتىدا ھېلىقى بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ ئايال دەرھال كۆزنەكتىن بېشىنى چىقىرىپ :

— ئانا ، ھاجى مۇختەرجان غوجامنى نېمە قىلدىڭ ؟ — دەپ ۋارقىرىدى .

سىرتتىن مومايىنىڭ «مەن نېمە قىلاتتىم ، تەرەت قىلىغىلى ئۇنىماي يىغلاۋاتىدۇ» دېگەن گېپى ئاڭلاندى . ئايال چاچراپ تۇرۇپ پەسكە قاراپ ماڭدى . يېرىم سائەتتىن كېيىن ئاپتوبۇس قوزغالدى . ھېلىقى موماي يەنە شۇ ئورنىدا ئولتۇردى . ھېلىقى ئايال بولسا ھاجى مۇختەرجان غوجامنى مەھكەم قۇچاقلاپ ، سەككىز ياشلاردىكى قىزنى چەتتە يانتۇ-زۇپ يەنىلا ئۇيقۇغا كەتتى . ئاپتوبۇستىكىلەر بارا - بارا ئۇ سولغۇن چىراي مومايغا دىققەت قىلىشقا باشلىدى . بەلكىم ئۇلارنىڭمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش ئۇ مومايغا ئىچى ئاغرىۋاتقان بولسا كېرەك . بىراق ھېچكىممۇ بىر نەرسە دېمىدى .

ھاۋا ئوتتەك قىزىغاندا ئاپتوبۇس مەلۇم بىر جايغا كېلىپ توختىدى . يولۇچىلار چۈشلۈك تاماققا چۈشۈشكە باشلىدى . مەن يەنە ھېلىقى مومايغا قارىدىم . ھېلىقى ئايال :

— ئانا ، سەن چاي بىلەن نان يېگىن ، يولنىڭ تامىقى ساڭا ياقمايدۇ ، — دېگەن پېتى ئىككى بالىنى ئېلىپ چۈشۈپ كەتتى . موماي بولسا بىر ئۇھ تارتىپ يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى .

تاماقخانا يولۇچىلار بىلەن لىق تولغانىدى . ھېلىقى ئا- يال يېنىمىزدىكى ئورۇندا ئولتۇرۇپ ئىككى بالىسى بىلەن تاماق يېۋاتاتتى . مېنىڭ كۆڭلۈم ھېلىقى بىچارە مومايدا قالدى . دېمىسىمۇ يولنىڭ تامىقى ئانچە ياخشى ئەمەس . لې- كىن تاماق دېگەن تاماق ـ دە ! يول بويى ئولتۇرۇپ چارچى- غاندا بىرەر قاچا سۇيۇقئاش ئىچىۋالسا ئاز ـ تولا ھاردۇقى چىقىپ قالماسمىدى . بىراق ئۆزىنى شۇ مومايىنىڭ قىزى دەپ ئاتاۋاتقان ئاشۇ ئايالنىڭ نەزىرىدە ، ئاشۇ ئۆزىدىن ئىسمى چوڭ ھاجى مۇختەرجان غوجامدىن باشقا ھېچ نەرسە يوقتەك قىلاتتى . توۋا بىچارە موماي ئاشۇ قىزىنى چوڭ قىلغۇچە كۆپ جاپالارنى تارتقان بولغىيتتى ـ ھە ؟ ! بىراق ئۇ موماي قېرىپ ھالىدىن كېتىپ ، كۈتۈشكە ، مېھىر ـ مۇھەببەتكە موھتاج بولغاندا ، قىزى پۈتكۈل مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئۆز پەرزەنتىگە بېرىپ ، ئۆزىنى قاتارغا قاتقان ئانىنى ئويلاپ قويمىدى . بىچارە موماي ئاشۇ قىزىنى چوڭ قىلغۇچە تالاي كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزگەندۇر ـ ھە ؟ !

مانا بۈگۈنمۇ ئاشۇ قىزى ۋە ئارزۇلۇق نەۋرىسى ئۈچۈن ئازغىنە كەم ئىككى مىڭ كىلومېتىرلىق يولنى ئەنە شۇنداق مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ تۈگەتتى .

مەن دۇنيادىكى بارلىق ئانىلارنى مېنىڭ ئاپامغا ئوخ- شاش كۆيۈمچان ، مېھرىبان ، دەپ ئويلايتتىم . چۈنكى ئاپام دائىم ماڭا چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ، ئاسراش ھەققىدە سۆز-

لەيتتى ھەمدە ئۆزىمۇ شۇنداق قىلاتتى . بىز ماقالە يازغاندا
ئۇلۇغ ۋەتەننى ئانىغا ئوخشىتىمىز ئەمەسمۇ ؟ يەنە ئانىلارنىڭ
قەلبىگە بارچە ئالەم سىغىدۇ دەيمىز . بىراق مەن ، قەلبىگە
ئۆز بالىسىدىن باشقا ھېچكىم سىغمايدىغان مۇنداق ئانىلار-
نىڭمۇ بارلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن . دەل شۇ چاغدا
كورىيە كارتون فىلىمى «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا»نىڭ قايسى-
بىر قىسمىدىكى ۋەقەلىك ئېسىمگە چۈشتى . ئۇنىڭدا بىر
ئەركىشى ياشانغان ئانىسىنى ياغاچ كۆتۈرگۈچكە ئولتۇرغۇ-
زۇپ تاغ چوققىسىغا ئاچىقىپ قويىدۇ (بۇ ئۇلارنىڭ قېرىلار-
نى دەپنە قىلىش قائىدىسى ئىكەن ) . ئەركىشى تاغدىن قاي-
تىپ چۈشكەندە ئوغلى يىغلاپ تۇرۇپ : «دادا ، ئاۋۇ كۆتۈر-
گۈچنى ئېلىۋالايلى ، سەنمۇ قېرىغاندا ، مەن سېنى ئاشۇ
كۆتۈرگۈچتە ئولتۇرغۇزۇپ تاغقا ئاچىقىپ قويىمەن» دەيدۇ .
بۇنى ئاڭلىغان ئەركىشى ئۆزىنىڭمۇ كەلگۈسىدە ئاشۇنداق
ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ
ۋە ئانىسىنى تاغدىن قايتۇرۇپ ئېلىپ چۈشۈپ ياخشى قاراي-
دۇ .

مانا كۆز ئالدىمدىكى ئاشۇ ئايال كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭمۇ
قېرىپ ھالىدىن كېتىدىغانلىقىنى ، ئەگەر پەرزەنتلىرىنىڭ
ئۆزىگە ، ئۇ بۈگۈن ئانىسىغا قىلغاندەك مۇئامىلە قىلسا قان-
داق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باققانمىدۇ ؟ ! كىچىك دوستلار ،
بىز ھەممىمىز ئانىدىن تۇغۇلغان ، بىزمۇ كەلگۈسىدە ئاتا ـ
ئانا بولىمىز . بىز كەلگۈسىدە پەرزەنتىمىزگە قانداق كۆيۈن-
سەك ، بىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان ، بىز ئۈچۈن يۈرەك قېنى-
نى سەرپ قىلغان ئاتا ـ ئانىمىزغا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق كۆيۈ-
نەيلى . چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىمىزگە موھ-

تاج… » قىزىمنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى . ئانىلىق مېھرىم قەلبىمدە قد- يان ياسىدى . بۇلتۇر تەتىلدە ھەمسەپەرداش بولغان ، گويا لەڭپۇڭدەك لىغىرلاپ تۇرىدىغان ھېلىقى ئايالنىڭ سەپەر جەريانىدىكى ئىشلىرى ئون بىر ياشقا ئەمدىلا تولغان قىزىم قەلبىگە بۇنچىلىك قاتتىق تەسىر قىلغانلىقىنى ھەمدە قىزىم- نىڭ بۇنچىلىك خاتىرە يېزىپ چىقىشىنى ئويلىمىغانىكەن- مەن . قىزىم ئەمدى چوڭ بوپتۇ . ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ نەزىرىدە ئون بىر ياشلىق بالا كىچىك بالا ھېسابلانغىنى بىلەن ، بىراق بۇلاردا ئەمدى تۇرمۇشنى كۆزىتىدىغان ۋە سېلىشتۇرىدىغان قابىلىيەت يېتىلىشكە باشلاپتۇ . مەن بۇنىڭ- دىن چەكسىز سۆيۈندۈم .

# قۇيرۇق

— قۇيرۇق ... ۋايجان قۇيرۇق ... كېسىۋېتىڭلار ... كېسىپ... ۋاي... ۋايجان... مەن - مەن يالغان ئېيتمىدىم......

جېنىنىڭ بارچە توۋلىغان ئاۋازدىن رەيھان چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى . ئۇ دەرھال بېرىپ چىراغنى ياندۇرغاندى ، ئوغلىنىڭ كىچىككىنە كارىۋىتىدا يوتقاننى تېپىچەكلەپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى كۆردى .

— جېنىم بالام ، نېمە بولدۇڭ ؟ كۆزۈڭنى ئاچ ، جېنىم بالام... ،— رەيھان جىددىيلەشكەن هالدا ئوغلىنىڭ پېشانىسىنى سىلىدى . ئەزىمەت كۆزىنى يوغان ئېچىپ ئاپىسىغا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن ، چۆچۈپ كاسىسىنى سىلاپ باقتى - دە قانداقتۇر بىرەر ئىشتىن كۆڭلى ئەمىن تاپقاندەك بولدى .

— بالام ، نېمە بولدى ساڭا ؟ قويرۇق ، قويرۇق دەپلا كەتتىڭغۇ ؟ سېنى قارا بېسىپ قالدىمۇ نېمە ؟ — سورىدى رەيھان ئوغلىنىڭ پېشانىسىدىكى مۇنچاق - مۇنچاق تەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ .

ئەزىمەت بولسا ئاپىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەستىن ئالدىراپ سورىدى :

— ئاپا ، سەن ماڭا ، يالغان ئېيتىپ ، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالغانلارغا قۇيرۇق چىقىپ قالىدىغان چۆچەكنى ئېيتىپ بەرگەنىدىڭغۇ ؟

— هەئە ، ئېيتىپ بەرگەن ، نېمە بولدى ؟ — سورىدى رەيھان هەيران بولۇپ .

— ئاپا ، يالغان سۆزلىگەن بالىلارغا راستىنلا قۇيرۇق

چىقىپ قالامدۇ؟ — سورىدى ئەزىمەت دۇپدۇگىلەك قارا كۆزىنى ئاپىسىغا تىكىپ.

ئوغلىنىڭ ئەنسىزلىك چىقىپ تۇرغان سەبىي كۆزلىرىدىن بىرنەرسىنى پەملىگەن رەيھان:

— بالام، سەن باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالغانمىدىڭ؟ باشقىلارغا يالغان ئېيتقانمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

ئەزىمەت لام - جىم دېمەستىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بارماقلىرىنى بىر پۇكۇپ، بىر ئېچىپ تۇردى. رەيھان ئاۋازىدىكى جىددىيلىكنى ئۆزگەرتىپ مېھرىبانلىق بىلەن سورىدى:

— بالام، راست گەپ قىلغىن. سەن بىرەرىگە يالغان ئېيتتىڭمۇ؟ قورقما، بالام، راستىڭنى ئېيتقىن. سەن ياخشى بالىغۇ، ياخشى بالا دېگەن ئاپىسىغا يالغان گەپ قىلمايدۇ، — دەپ قويدى.

كېيىنكى سۆزنىڭ كۈچى بىلەن، ئەزىمەت ئۇخلاشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالنى ئاپىسىغا سۆزلەپ بەردى.

ئەزىمەت بۇ يىل بەش ياش ئىككى ئايلىق بولغىنىغا قارىماي خۇددى چوڭ ئادەمنى كىچىك قىلىپ قويغاندەكلا ئەقىللىق ئىدى. گەپلىرى شۇنداق ئورۇنلۇق، بەزىدە ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇ رەسىم سىزىشقا ئامراق ئىدى. تۆت يېشىدىن باشلاپلا ئاپىسى ئۇنى ئۆسمۈرلەر سارىيىغا، بالىلار رەسىم كۇرسىغا ئاپىرىپ بەرگەنىدى. يەسلىدىمۇ رەسىم سىزىشتا باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ بۈگۈن يەسلىدىن قايتىپ كېلىپ يەنە رەسىم سىزىشقا باشلىدى. بىردەمدە رەسىم دەپتىرى توشۇپ كەتتى. ئۇ سومكىنى ئاختۇرۇپ، يەنە بىر دەپتىرىنىڭ يەسلىدە قالغانلىقىنى بىلدى-دە، تىت - تىت بولۇپ كەتتى. چۈنكى بىردەمدىن كېيىن تېلېۋىزوردا نۆل، ئۇچبۇلۇڭ ۋە بىرنەچچە رەقەمدىن پايدىلىنىپ ئاددىي سىزما رەسىم سىزىش بويىچە دەرس ئۆتۈلەتتى.

ئەزىمەتمۇ تېلېۋىزورغا قاراپ تەڭ مەشىق قىلاتتى . «نېمىشقا دەپتىرىمنى ئۇنتۇپ قالغاندىمەن؟ ئاپام تاماق ئېتىۋاتىدۇ ، ئاۋارە قىلسام بولمايدۇ . ھەي دادام ئۆيدە بولغان بولسىچۇ ، دادام دەپتەر ئېلىپ بېرەتتى . بىراق دادام خىزمەت بىلەن تولا بىر يەرگە كېتىدۇ… بۈگۈن ئالتە رەقەمدىن پايدىلىنىپ كىنگۇرۇنى سىزىشنى ئۆگىنەتتى ، ئەمدى ئۆزۈم بىر ئامال تاپايچۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى . ئۇ ياندىكى ئۆيگە كىرىپ ، يېزىق ئۈستىلى ئۈستىدە تۇرغان بىر توپ دەپتەرنى كۆردى . رەيھان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغاچقا ، تاپشۇرۇقلارنى ئۆيىگە ئەكېلىپ كەچتە بىرۋاقىتلارغىچە تەكشۈرەتتى . بۈگۈنمۇ بىر سىنىپنىڭ دەپتىرىنى ئەكەلگەنىدى . ئەزىمەت ئۇياق - بۇياققا قاراپ ئاخىرى ھېلىقى دەپتەردىن بىرنى ئالدى - دە تېلېۋىزور بار ئۆيگە قاراپ چاپتى . رەسىم سىزىش پروگراممىسىمۇ باشلاندى . ئەزىمەت دەپتەرنىڭ تېخى خەت يېزىلمىغان بەتلىرىگە بىرمۇنچە رەسىملەرنى سىزدى . رەسىم دەپتىرى بولماي سىزىقلىق دەپتەر بولغىنى ئۈچۈن ، سىزغان رەسىملىرىنىڭ ئوچۇق بولماي قالغىنىدىن مەيۈسلەندى . ئۇ دەپتەرنى سومكىسىغا سېلىۋېتىپ بىردىنلا «ئاپلا ، ئاپام ھېلى دەپتەرلەرنى تەكشۈرسە قانداق قىلارمەن ، مەندىن دەپتەرنى كۆردۈڭمۇ دېسە نېمە دەرمەن ، ئاپام ھەركۇنى دەپتەرلەرنى تەكشۈرۈپ بولۇپ ساناپ باقاتتى ئەمەسمۇ؟ » دېگەنلەرنى ئويلاپ ئاق پىشماق چىرايىنى ئەندىشە تۇمانلىرى قاپلىدى . ئۇ بىردەم ئويلىغاندىن كېيىن ، «ئەگەر ئاپام سوراپ قالسا بىلمەيمەن دېسەم بولمىدىمۇ؟ ئالغىنىمنى ھېچكىم كۆرمىگەن تۇرسا» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەردى . «بالىنىڭ ئەۋلىياسىمۇ يەنە بالا» دېگەندەك ، ئۇ شۇ ئانلا يەنە ئاپىسى ئېيتىپ بەرگەن يالغانچىغا قۇيرۇق چىقىپ قالغانلىقى ھەققىدىكى چۆچەكنى ئېسىگە ئالدى - دە ، ئەمدىلا تىنچلانغان قەلب كۆلى قايتا داۋالغۇپ كەتتى . «ئاپلا ماڭا قۇير-

ـرۇق چىقىپ قالسا قانداق قىلارمەن؟ نېمىشقا دەپتەرنى ئالغاندىمەن؟» ئۇ قاتتىق دېلىغۇللۇق ئىچىدە تۇرغاندا ئاپىسى ئۇنى كەچلىك تاماققا چاقىردى...

ئەزىمەت كارىۋىتىدا يېتىپ خېلى ئۇزۇندا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ چۈش كۆردى، چۈشىدە مۇنداق ئىش كۆردى.

ئەزىمەت يەسلى ئىشىكىدىن كىرىۋىدى، ھەممە باللار ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ئىلكىدە خۇددى غەيرىي مەخلۇققا قارىغاندەك قاراشتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمىغان ئەزىمەت ئىشىك تۈۋىدە قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. باللاردىن بىرى ئالدىغا چىقىپ:

— قاراڭلار ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا! ئۇ چوقۇم يالغانچى، شۇڭا قۇيرۇق چىقىپ قاپتۇ، — دەپ ۋارقىرىدى.

شۇنىڭ بىلەن باللار قىقاس - سۈرەن كۆتۈرۈشۈپ، «ئۇ قۇيرۇقلۇق شەيتاننى قوشمايلى، كەت! يوقال!» دەپ قوللىرىنى شىلتىشتى. ئەزىمەت چۆچۈپ كاسىسىنى سىلاپ بېقىۋىدى، راست دېگەندەك، ئۇزۇن تۈكلۈك قۇيرۇق قولىغا ئۇرۇلدى، ئۇ بېشىنى بۇراپ قارىۋىدى، ساڭگىلاپ تۇرغان چىپار قۇيرۇقنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئەزىمەت قورقۇپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى...

— جېنىم بالام، دەپتىرىڭ قالمىغان بولسا ماڭا ئېيتساڭ بولماسمىدى شۇنچە جاپا تارتقۇچە.

— يەسلىدىكى ئاپاش بىزگە «ياخشى بالا ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنى ئۆزى قىلىپ ئۆگىنىشى كېرەك» دېگەنىدى. سەن تاماق ئېتىۋاتقان بولغاچقا ئۆزۈم دەپتەر تاپاي دېگەنىدىم، ئاپا، — دېدى ئەزىمەت ئېسەدەپ تۇرۇپ، — راست گەپ قىلە، ئەمدى ماڭا قۇيرۇق چىقامدۇ؟

بۇ سەبىينىڭ سوئالىغا ئىمكانقەدەر چۈشىنىشلىك جاۋاب بېرىشنى ئويلىغان رەيھان ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، دېدى:

— جىنىم بالام ، ئادەم دېگەنگە قۇيرۇق چىقمايدۇ ، بىراق قۇيرۇق چىقىپ قالغاندىنمۇ يامان ئاقىۋەتكە قالىدۇ .

— قانداق ئاقىۋەتكە ؟ يامان ئاقىۋەت دېگەن نېمە ؟

— يالغان ئېيتقان ، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالغانلارنى سەن چۈشۈڭدە كۆرگەندەك ھېچكىم ئارىسىغا قوشمايدۇ . نەگىلا بارسا يالغانچى دېگەن نامى قۇرۇمايدۇ ، دوستلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ . ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيدىغان بولىدۇ . مانا بۇ قۇيرۇق چىقىپ قالغاندىنمۇ يامان ئاقىۋەت .

— بىلدىم ، ئاپا ، بىلدىم ، مەن ئەمدى ھەرگىزمۇ ئاكاش- ئاچاشلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىنى ئېلىۋالمايمەن ، ھەرگىز يالغان ئېيتمايمەن . مەن ياخشى بالا بولىمەن ، ئاپا .

ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولغان رەيھان ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە چەكسىز مېھرى بىلەن سۆيدى .

# ئەھمىيەتلىك دەرس

ئازادە، يورۇق چوڭ يىغىن زالى ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلار بىلەن لىق تولغانىدى. چۈنكى بۈگۈن «4 - ماي» ياشلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلمەكچىدى. رىياسەتچى مىكرافون ئالدىغا چىقىپ پائالىيەتنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا، ھەممەيلەن قىزغىن ئالقىش ياغدۇردى. مانا ھەرقايسى سىنىپتىن تاللانغان ماھىرلار ئۆز نۆۋىتى بويىچە سەھنىگە چىقىپ، كۆتۈرەڭگۈ روھى بىلەن ۋەتەننى سۆيۈش، ياشلىقتا بىلىم ئىگىلەش، ئانىنى قەدىرلەش، جاپاغا چىداپ ئىلگىرىلەش قاتارلىق تېمىلاردا نۇتۇق سۆزلىدى. نۆۋەت ئون ئۈچىنچى نومۇرلۇق ماھىرغا كەلگەنىدى. ئون ئۈچىنچى نومۇرلۇق ماھىر بولسا مەن دەرس بېرىدىغان سىنىپتىكى بىر قىز بولۇپ، دەرستە ياخشى، مىجەزى ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز ئىدى. مەن ئىچىمدە، «بۇ قىز دەرستە تىرىشچان بولغىنى بىلەن بەكلا كەم سۆز ئىدى، ئادەتتە سورىمىسا گەپ قىلماي باش چۆكۈرۈپ يۈرەتتى. بۈگۈن سۆزلىيەلەرمۇ؟» دەپ ئويلىدىم. دەل شۇ پەيتتە ئۇ قىز كۆپچىلىككە سالام بەرگەندىن كېيىن نۇتۇقىنى باشلىدى.

«ھۆرمەتلىك ئۇستازلار، ھۆرمەتلىك ساۋاقداشلار، مەن بۈگۈن سىلەرگە يۇرتىمىزدا يۈز بەرگەن ھەقىقىي ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىمەن. بۇ كۈن مېنىڭ مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. 1996 - يىل 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىدى، تۇيۇق-

ـسىز ھاۋا ئەنسىز گۈلدۈرلەپ قاتتىق چاقماق چاقتى ، كەچ
سائەت توققۇزدىن سەل ئۆتكەندە ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلىگەن
ئاۋاز يەر ئاستىدىن چىققاندەك تۇيۇلدى ـ دە ، ھەش ـ پەش
دېگۈچە قاتتىق يەر تەۋرەپ كەتتى . يەر تەۋرەشنىڭ زەربىسىـ
ـدىن قاچا ـ قۇمۇچلار جاراڭلاپ چېقىلىپ ، تام يېرىلىپ ،
ئـۆي ئىچى چاڭ ـ توزانغا تولۇپ كەتتى . بىز قورقىنىمىزـ
ـدىن خۇددى قەپەستىكى قۇش ئەركىنلىككە ئىنتىلگەندەك ،
سىرتقا چىقىشقا ئىنتىلگەن ھالدا ۋارقىراپ كەتتۇق . بىراق
زۇلمەت قاراڭغۇسى ئىچىدە ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمەي بىر
ـ بىرىمىزگە ئېسىلىشىپ يىغلىشىپ كەتتۇق . يەر تەۋرەش
بىردەمدىلا ئۆتۈپ كەتتى . بىز شۇندىلا تام يوچۇقلىرىدىن
كىرگەن ئاينىڭ غۇۋا يورۇقىدىن ئىشىكنى پەرق ئېتىپ ،
سىرتقا چىقىش ئۈچۈن ئىشىكنى ئاچتۇق . ئاھ ! نېمىدېگەن
دەھشەت ! پەقەت مۇشۇ بىز ئولتۇرغان ئەڭ ئىچكىرىكى ئۆيـ
ـدىن باشقا بارلىق ئۆيلىرىمىز خانىۋەيران بولغانىدى . بۇ
ئەھۋالنى كۆرۈپ ئانام ھوشىدىن كەتتى . چۈنكى ئاتا ـ ئانام
ئوتتۇز يىل قان ـ تەر ئاققۇزۇپ قۇرغان ھەم ئۆز پەرزەنتلىـ
ـرىنى قاتارغا قوشقان بۇ ئىللىق ئۆي ـ ماكان كۆزنى يۇمۇپ
ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا خارابىيلىككە ئايلانغان ، ئات ـ ئۇلاغلارـ
مۇ توپا ئاستىدا قالغانىدى . بىز ئانامنى كۆتۈرۈپ سىرتقا
ئاچىقتۇق ، شۇ پەيتتە تەرەپ ـ تەرەپتىن يىغا ئاڭلىنىشقا
باشلىدى ، ئانام تېخى ھوشىغا كەلمىگەنىدى ، بىز زار ـ زار
يىغلىدۇق . شۇ چاغدىكى يېرىم سائەت ماڭا خۇددى يېرىم
ئەسىردەك بىلىنىپ كەتتى . شۇ پەيتتە يېزا كادىرلىرى ،
يېزا داۋالاش پونكىتىنىڭ خادىملىرى يېتىپ كەلدى ۋە ئانامـ
ـنى ھوشىغا كەلتۈردى . بىز گەرچە ئۆي ـ ماكان ، مال ـ
چارۋىدىن ئايرىلغان بولساقمۇ ، ئائىلىدىكى يەتتە جان ساق
ـ سالامەت قالغاندۇق . ئەڭ ئېچىنىشلىق بولغىنى شۇكى ،
قوشنىمىزنىڭ ئۆيلىرى پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ كەتكەنىدى ،

ھېچقانداق ھاياتلىق بەلگىسى كۆرۈنمەيتتى . دەل شۇ چاغدا نۇرغۇن ماشىنىدا خەلق ئەسكەرلىرى يېتىپ كەلدى ـ دە ، توپىلارنى قېزىپ ئادەملەرنى ، ئاشلىق ـ تۈلۈكلەرنى چىقىرىشقا باشلىدى . قوشنىمىزنىڭ ئائىلىسىدىكى ئون جان ئادەمدىن توققۇزى توپا ئاستىدا قازا قىلغانىكەن . پەقەت ئون ئۈچ ياشلىق بىر قىزىلا بىر نەۋرە تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدە بولغاچقا تىكەندەك يالغۇز ھايات قاپتۇ . ئەسكەرلەر توققۇز جەسەتنى توپا ئاستىدىن چىقارغاندا پۈتكۈل يېزىدىكىلەر يىغلىپ يىغا ـ زار قىلىشتى . تەبىئەتمۇ بۇ ۋاقىتسىز كەتكەن بەندىلىرىگە ماتەم تۇتقاندەك ، قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى . ئاھ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ؟ !

بۇ قېتىملىق يەر تەۋرەشتە يۇرتىمىزدىن يىگىرمە تۆت ئادەم قازا قىلدى ، ئەللىك نەچچە ئادەم يارىلىنىپ دوختۇرخانىلاردا يېتىپ قالدى . مانا بىر كىچىدىلا بىرمۇنچە بالىلار ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم بولغان بولسا ، يەنە بىرمۇنچە ئاتا ـ ئانىلار يۈرەك پارىلىرىدىن ئايرىلدى . ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ ، يۈرەكلىرى ئازابقا تولدى...

ئەمدىلا تەرەققىي قىلىۋاتقان يۇرتىمىز كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە خارابىلىككە ئايلاندى . خەلق ئۆي ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى . بىز ئوقۇغۇچىلار ئۈمىدكە تولغان ئىللىق مەكتىپىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق . قەلبىمىزدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىز توپا ئاستىدا قالدى...

تاڭ ئېتىش بىلەن ، خەلق ئەسكەرلىرى جاپالىق ئىشلەپ ھەربىر ئائىلىگە بىردىن چىدىر ئۆي ياساپ بەردى . ھايات قالغان خەلق ، ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چېدىردىن بىرنەچچە سىنىپ ياسىدى . بىز شۇ سىنىپتا ئوقۇشنى داۋام قىلدۇق . ئەتىيازنىڭ شامىلى ئۇشقىرتىسىمۇ ، يامغۇرلار چېدىردىن ئۆتۈپ باشلىرىمىزنى ھۆل قىلىۋەتسىمۇ

يەنىلا ئوقۇشنى توختاتمىدۇق . ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان قوشنا ناھىيە ـ شەھەرلەردىن ياردەم ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بۇيۇملار ، دەپتەر ـ قەلەملەرنى بىزگە تارقىتىپ بەردى ، بىز بۇنىڭدىن مىننەتدار بولدۇق !

قىزچاق سۆزىنى توختىتىپ بىر تىنىۋالدى ۋە كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ يەنە داۋام قىلدى .

— ساۋاقداشلار ، مېنىڭ دوستلىرىم يەنىلا چېدىر ئىچىدە ئوقۇۋاتىدۇ . بىز بولساق ئاپئاق يورۇق ئازادە سىنىپتا ، چىرايلىق يېڭى پارتا ـ ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ ئوقۇۋاتىمىز . ئاشۇ چېدىر ئىچىدە ئوقۇۋاتقان ساۋاقداشلار بىلەن ئۆزىمىزنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق ، ئاسمان ـ زېمىن پەرقىمىز بار . بىراق بىر قىسىم ساۋاقداشلار مۇشۇ ئەۋزەل شارائىتنى قەدىرلىمەي ، ئۇستازلارنىڭ تەربىيىسىنى قۇلاقتا تۇتماي ، ئاتا ـ ئانىسى ئەۋەتكەن پۇلنى كىيىم ـ كېچەك ، تۇغۇلغان كۈن قاتارلىقلارغا بۇزۇپ ـ چېچىپ ، ۋاقتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ . مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمەن .

مەن تۇرمۇشتا ئىقتىسادچىل بولۇپ ، ۋاقتىنى بوش ئۆتكۈزمەي ئۆگىنىش قىلسام ، بىر قىسىم ساۋاقداشلار مېنى «پىخسىق» ، «ياغاچ ئاكتىپ» دېيىشىدۇ . ساۋاقداشلار ! ئويلاپ بېقىڭلار ، يۇرتىمىز ، ئائىلىمىز شۇنچە قىيىن شارائىتتا تۇرۇۋېمۇ ، مېنى ئوقۇشقا ئەۋەتسە ، مەن ياخشى نەتىجە بىلەن ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرمىسام ۋىجدانىم قانداق چىدايدۇ ؟ ئەگەر مەن ئىقتىسادچان بولماي ، بۇزۇپ ـ چاچسام يۇرتۇمغا ، مېھرىبان ئاتا ـ ئانامغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن ؟ !

يىغىن زالى لەرزىگە كەلدى . ئەمدىلا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ ئوتتۇرا تېخنىكومغا كەلگىنىگە بىر يىل بولمىغان بىر قىزنىڭ يۈرەكنى تىترىتىدىغان بۇ سۆزلىرى ھەممىمىزنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلغانىدى . زالدا خېلى بىر

ۋاخقىچە چاۋاك ئۈزۈلمىدى . نۇرغۇن ساۋاقداشلار بىر تەرەپ-تىن كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ چاۋاك چېلىشىۋاتاتتى . بۇ قېتىملىق نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتى — ئوقۇغۇچىلار ئۈ-چۈن بىر قېتىملىق ، ئەھمىيەتلىك دەرس بولدى .

# ئويۇنچۇق

قىزىم بۈگۈن يەسلىدىن كېلىپلا كىچىككىنە قول ياغ-لىقىنى ھۆل قىلىپ، قونچاقلىرىنىڭ يۈز - قوللىرىنى يۇيۇشقا باشلىدى. مەن قىزىمنىڭ بۇ ئىشىدىن زوقلىنىپ چاقچاق قىلدىم:

— گۈلنۇر، باللىرىڭىزنىڭ يۈزىنى يۇيۇپ كەتتىڭىز-غۇ، باغچىغا ئاپىرامسىز نېمە؟

قىزىم قولىدىكى ئىشىنى توختاتمايلا سۆزلىدى:

— ئاپا، مەن بۈنىڭدىن كېيىن ئويۇنچۇقلىرىمنى بۇز-مايمەن، ئۇلارنى ئاسراپ ئوينايمەن، — ئۇ سۆزلىگەچ ياتاق ئۆيىدە چېچىلىپ ياتقان ئويۇنچۇقلارنى رەتلىگىلى تۇردى.

قىزىمنىڭ بۇ ئىشىدىن ھەيران بولغان دادىسى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ۋاي - ۋۇي مېنىڭ قىزىم بەك ئىشچان بولۇپ كېتىپتۇغۇ، بۈگۈن چوڭ بولغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

— دادا، ئاپا، بۈگۈن يەسلىدە مۇئەللىم بىزگە «ئويۇن-چۇق» دېگەن ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى، ئويۇنچۇقلارنىڭمۇ كۆڭلى بولىدىكەن، ئۇلارنى ئوينىماي تاشلاپ قويساق، بۇ-زۇۋەتسەك بىزدىن رەنجىيدىكەن. بۇرۇن مەندەك باللارنىڭ بۇنداق ئويۇنچۇقلىرى يوق ئىكەن - ھە، ئاپا؟ — قىزىم بىزدىن جاۋاب كۈتكەندەك قارىدى.

— ھەئە، قىزىم. بۇرۇن باللارنىڭ بۇنداق ئويۇنچۇق-لىرى يوق ئىدى، — دېدىم.

قىزىم ھەيران بولغان ھالدا قاپقارا كۆزلىرىنى ماڭا

تىكىپ سورىدى .

— ئاپا بۇرۇن نېمىشقا ئۇنداق ئويۇنچۇقلار يوق ئىدى ؟

— ئۇنداق ئويۇنچۇقلار تېخى ئىجاد بولمىغان .

— ئىجاد بولمىغان دېگەن قانداق گەپ ئۇ ؟

دادىسى ماڭا قاراپ :

— بالا چۈشەنگۈدەك گەپ قىلساڭچۇ ،— دېدى .

— ئىجاد بولمىغان دېگەن — تېخى ياسالمىغان دېگەن گەپ ، ئۇنداق ئويۇنچۇقلارنى تېخى بىرەر كىشى ياسىمىغان دېگەن گەپ ،— دەپ ئاددىي چۈشەندۈردۈم .

— ئاپا ، ئۇنداق بولسا بۇرۇنقى بالىلار نېمىنى ئوينايت-تى ؟

— ئاپىسى ياساپ بەرگەن ياكى ئۆزلىرى ياسىۋالغان ئويۇنچۇقلارنى ئوينايتتى .

— ھە بىلدىم ، بىلدىم ، ئۆتكەندە سىز ماڭا دەپ بەرگەن-دەك . ھېلىقى يىپ توپ ، ساپاۋ يەنە··· يەنە···ھە راست ، ئاپا ، ساپاۋنى سىز ئىجاد قىلغانمۇ ؟

دادىسى كۈلۈپ ماڭا قارىدى . مەن ئۆزۈمنىڭ گېپى بىلەن ئىلىنىپ قالغانلىقىمنى پەملەپ كۈلۈپ كەتتىم - دە :

— كىچىك بالىغا گەپ قىلمىسىمۇ بولغۇدەك ، — دېدىم .

— شۇنداققۇ ، ئاپا ، «ئىجاد قىلىش» دېگەن «بىر نەرسە ياساش» دېگەن گەپ بولسا ، ئۇنداقتا ساپاۋنى سىز ياسىغاندىن كېيىن ، ئۇنى سىز ئىجاد قىلغان بولىسىز - دە ،— دېدى ئۇ ئۆز خۇلاسىسىدىن مەمنۇن ھالدا . بۇ گەپ بىلەن ئۆتكەن ھەپتە قىزىمغا سۆزلەپ بەرگەن ئىشلار ئېسىمگە چۈشتى .

راست مېنىڭ بالا چاغلىرىمدا ئويۇنچۇقلار يوق ئىدى . بار دېگەندىمۇ تولىمۇ ئاز ئىدى . ئۇ چاغلاردا ھەربىر ئائىلىدە نەچچە بالا تۇرسا قايسىبىرىگە ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىدۇ دەي-

سىز ؟ بىز خورازنىڭ تۇكىنى داچەنگە بېكىتىپ تەپكۈچ يا-
ساپ ئويناپتتۇق . كونا يىپ پەلەينى چۇۋۇپ يىپىنى چىڭ
قىلىپ توپ شەكلىدە يۆگەيتتۇق ، ئاندىن ئۇنىڭ سىرتىنى
ھەر خىل يىپ بىلەن كەشتىلەپ ، كەشتە توپ
ياسايتتۇق ـ دە ، تازا قىزىق ئويناپ كېتەتتۇق .

چىگىچى بۇغدايچى ،
ھەمىكى دوغدايچى .
كېچىلەپ زۇۋانى قوي ،
زۇۋىنىڭ قايسى قىزى ،
ئەڭ كىچىك ئاپئاق قىزى .
......
ئۆتكەم شاراق ـ شۇرۇق ،
مېڭىشىم تاراق ـ تۇرۇق .
روزىنىڭ ئون بەشىدە ،
چۇشتى غازاڭ شالدىر ـ شۇرۇق .
چىككى ـ چىككاڭ بىر شەھەر .

يەنە پارچە لاتىلاردا ساباۋ تىكىپ ئويناپتتۇق . ساباۋنىڭ
ئىچىگە تاش سالىدىغان بولغاچقا ، بىر يېرىمىزگە تەگسە بەك
ئاغرىپ كېتەتتى . بىر كۈنى ئويناۋېتىپ بىرى ئاتقان ساباۋ
كۆزۈمگە تېگىپ كەتتى ـ دە ، كۆزۈمدىن ئوت چىقىپ كەت-
كەندەك بولۇپ ياشلىرىم تاراملاپ ئېقىپ كەتتى . بالىلار
ئەتراپىمغا ئولاشتى . كۆزۈم گەرچە زەخىملەنمىگەن بولسى-
مۇ ، لېكىن قىزىللىق خېلىغىچە يوقالمىدى . ئاچام مېنى
پەس قىلىش ئۈچۈن يولنىڭ ئۇ قېتىدىكى باققالدىن ئىككى
موچەنگە بەش دانە ياڭاق ئەكېلىپ بەردى ۋە مېنى ئۆيگە
ئېلىپ ماڭدى . ھويلىغا كىرگەندە ياڭاقنى چېقىپ بەردى .

مەن يېشىمنى سۇرتكەچ ، مېغىزىنى چىقىرىپ شاكالنى بىر بۇلۇڭغا تاشلىدىم . ئاچام ياڭاق شۆپۈكىگە بىر قارىدى ـ دە ، خۇددى بىر نەرسە تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى . ئۇ دەرھال شاكالنى يىغىۋېلىپ ئۇششاقلىدى ۋە سابانىڭ بىر يېرىنى سۆكۈپلا ئىچىدىكى تاشلارنى تۆكۈۋېتىپ ، ھېلىقى ياڭاق شۆپۈكىنى سېلىپ ساباۋنىڭ سۆكۈلگەن يېرىنى پۇختا قىلىپ تىكتى .

ئۇ ساباۋنى ئېتىپ بېقىۋىدى ، ساباۋ شاراقلاپ خېلى يىراق يەرگە بېرىپ توختىدى ، ئاچام ماڭا قاراپ :

— ھە مانا قارا ئەمدى بۇ ساباۋنى ئوينىساق بىر يېرىدىن زگە تەگسىمۇ ئۇنداق قاتتىق ئاغرىمايدۇ ،— دېدى .

مەن ساباۋنى قولۇمغا ئالدىم . ساباۋ ھەم يەڭگىل ، ھەم يىراققا ئاتقىلى بولىدىغان ، ناھايىتى ئوبدان بولغانىدى . مەن خۇشاللىقىمدا سەكرىۋەتتىم . چۈنكى ساباۋنى ئېلىپ چىقىپ يەنە باللار بىلەن قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ئوينىيالايتتىم .

بۇ ساباۋنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرگەن مەھەللىدىكى باشقا باللارمۇ ، ساباۋلىرىغا ياڭاق شۆپۈكى سېلىپ ئۆزگەرتىشتى . شۇنداق قىلىپ ساباۋغا ياڭاق شۆپۈكى سېلىش ئومۇملىشىپ قالدى .

— ئاپا ، ئۇنداق بولسا ياڭاق شۆپۈكى سېلىنغان ساباۋنى ئىككىڭلار ئىجاد قىلغان ئىكەنسىلەر ـ دە؟

— شۇنداق دېسەمۇ بولىدۇ .

— ھە ساباۋنىڭ ئىجادچىسى ،— دەپ كۈلۈپ كەتتى دادىسى . شۇنىڭدىن بېرى قىزىم ئويۇنچۇقلىرىنى ئاسرايدىغان بولدى .

# بىر سەبىينىڭ قەلب ساداسى

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماقالە مەشىقىنى تەكشۈرۈۋېتىپ ، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر پارچە ماقالىنى ئۇچراتتىم . ئۇنى ماقالە دېگەندىن كۆرە ، بىر سەبىينىڭ قەلبىدىن ئېتىلىپ چىققان «ئازابلىق نىدا» دېگەن تۈزۈكرەك . ماقالە مۇنداق باشلانغانىدى .

«مەن بىر دوستۇمنىڭ خاتىرىسىدىن مۇنداق ئىككى مىسرا شېئىرنى كۆچۈرۈۋالغانىدىم :

يۈرەي قانداق شەھەرلەردە ئانا يالغۇز غېرىب يۈرسەڭ ،
ئېتەلمەي ئاش ، ياقالماي نان مادارىڭ يوق ھېرىپ يۈرسەڭ .

بۇ شېئىرنى ھەر قېتىم ئوقۇسام يۈرەكلىرىم ئازابقا تولىدۇ . چۈنكى بۇ شېئىر مېنىڭ مىسكىن بىچارە ئانامنى ئېسىمگە سالىدۇ . مېنىڭ ئانام بىلەن دادام ، مەن سەككىز ياش ۋاقتىمدا ئاجرىشىپ كەتكەنىدى . سىڭلىم ۋە ئىنىم ئانام بىلەن بىللە تۇرىدۇ ، مەن دادام بىلەن بىرگە تۇرىمەن . مەن ھەر قېتىم ئانامنى يوقلاپ بارغىنىمدا ، ئۇنىڭ چېچىدىكى ئاقلارنىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقىنى ، يۈزىدىكى قورۇقلارنىڭ بولسا تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ ھەم ئاۋۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىمەن ھەمدە يۈرىكىم پىچاق بىلەن تىلغاندەك بولۇپ كېتىدۇ . كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەنمۇ ئون بەش ياشقا

كىرىپ قالدىم . بېشىمنىڭ چوڭقىيىشىغا ئەگىشىپ قەلبىمدى-
كى ھەسرىتىم تېخىمۇ ئېشىپ باردى . چۈنكى مېنىڭ ئاشۇ
بىچارە ئانامنىڭ تېنى كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كەتتى .
مانا بۈگۈنمۇ ئانامنى يوقلاپ كەلگەنىدىم . ئاھ ، بىچارە ئانام
قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ . ئىنى ـ سىڭلىم كىچىك بول-
غاچقا ئانامغا قوشنىلار قاراۋېتىپتۇ . مەن ئەمدى ئانامنى ئۆز
قولۇم بىلەن بېقىش قارارىغا كەلدىم . ئۇنىڭ ئۈچىلىرىنى
تۇتتۇم ، چاچلىرىنى تاراپ قويدۇم . تاماقلىرىنى ۋاقتى قەرە-
لىدە ئېتىپ بەردىم . تۆت كۈن توشۇپ بەشىنچى كۈنى دادام
مېنى ئەكېتىش ئۈچۈن كەلدى ، چۈنكى ئۇ ئۆيدىكى قوي ـ
كالىلار ، توخۇ ـ ئۆردەكلەر مېنىڭ يەم بېرىشىمنى كۈتۈپ
تۇراتتى . مەن دادامنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە قارشىلىق بىل-
دۈرەلمەي ، ئامالسىز قايتماقچى بولدۇم . دادام مېنى موت-
سىكلىتىنىڭ كەينىگە ئېلىپ ماڭدى . مەن يولدا پەقەت ئاشۇ
مېھرىبان ئاجىز ئانامنىلا ئويلىدىم . چۈنكى ئانام مېنى توق-
قۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغۇپ ، تۈننى تاڭغا
ئۇلاپ بۆشۈك تەۋرىتىپ باققان ئەمەسمۇ ؟ بىراق مەن ئاشۇ
ئانامنى توققۇز كۈنمۇ باقالمىدىم… ئاھ جېنىم ئانا ، مېنى
كەچۈر .

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مېنى كۈتۈپ تۇرغان
ئىشلارنى ئۆز جايىدا سەرەمجانلاشتۇردۇم . تەتىل توشۇشقا
ئاز قالغانلىقى ئۈچۈن ، تاپشۇرۇقلارنى ئىشلىمەكچى بولۇپ
سومكىنى ئېلىپ ھويلىدىكى سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردۇم .
تامدا ۋىچىرلىغان قۇشقاچنىڭ ئاۋازى دىققىتىمنى بۇزدى .
بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىغانىدىم ، ئىككى چوڭ ئاق قۇشقاچ ،
بىر كىچىك قۇشقاچنى ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ ئاغزىدا يەم بەر-

گىلى تۇرۇپتۇ . كىچىك قۇشقاچ بولسا ، بىردەم ئۇڭ تەرىپىدىكى قۇشقاچنىڭ ئاغزىدىن ، بىردەم سول تەرىپىدىكى قۇشقاچنىڭ ئاغزىدىن يەم يەيتتى . بىردەمدىن كېيىن ئىككى چوڭ قۇشقاچ بالا قۇشقاچنى يېتەكلەپ ئۇچۇپ كەتتى . توۋا دېدىم مەن ئۆز - ئۆزۈمگە . قۇشقاچ جىنسىدا بالىسىنى بىرلىكتە باقىدىكەن ، ئادەملەر نېمە ئۈچۈن قۇشقاچچىلىك بولالمايدىغاندۇ ؟ ئادەملەرمۇ ئۆز پەرزەنتلىرىنى تىرىك يېتىم قىلماي بىرگە بېقىپ قاتارغا قوشسا بولمامدىغاندۇ ؟ !ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنىلا ئويلاپ ، پەرزەنتلىرىنىڭ قەلب ساداسىغا قۇلاق سالمايدىغاندۇ ؟ بەزى ئاتا - ئانىلار «مىجەز كېلىشمىدى» دەيدىكەن . ئۇلارغۇ «ئايرىلىپ قۇتۇلدۇق» دېيىشىدىكەن ، بىراق بىز پەرزەنتلەرچۇ ؟ بەزىدە ئاشۇ كېسەلچان ئانامنى ئويلىسام ، ئۇنىڭ پىراقى بارلىق خىياللىرىمنى بېسىپ چۈشىدۇ .

مەن ئەينى چاغدا ئانام بىلەن دادامنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتىم . كېيىن ئانامنىڭ نېرۋا خاراكتېرلىك تۇتقاق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن ، دادام ئانامدىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ قاتتىق ئازابلاندىم . ئادەملەر نېمىدېگەن شەخسىيەتچى - ھە... ئادەملەر ئاغلىق بولغاچقا ھايۋاندىن پەرقلىق ياشايدۇ دەيدىكەن ، بىراق بەزى جەھەتتە ھەتتا ھايۋانچىلىكمۇ بولالمايدىكەن . مانا مېنىڭ دادام ئانامنىڭ كېسىلى سەۋەبىدىن بىز ئۈچ بالىنى تىرىك يېتىم قىلىشقا باغرى چىداپتۇ . سىنىپىمىزدا مەن بىلەن تەقدىرداشلاردىن بىرنەچچىسى بار . ئۇلارنىڭمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش چىرايى سولغۇن . ئادەتتە كىشىلەر «بالا — ئاتا - ئانىنىڭ يۈرەك باغرى» دېيىشىدۇ .

لېكىن بەزى ئاتا ـ ئانىلار ئاشۇ يۈرەك باغرىنى ئۆز قولى بىلەن پارە ـ پارە قىلىپ تاشلايدۇ.

ھەر قېتىم «ئاجراشماڭلار ئاتا ـ ئانىلار» دېگەن ناخشىنى ئاڭلىسام، ئۇ ناخشا خۇددى مەن ئۇچۇن ئېيتىلغاندەك؛ مەن ئۇچۇن ئىجاد قىلىنغاندەك ھېس قىلىمەن. دادامۇ بۇ ناخشىنى ئاڭلامدىغاندۇ؟ ئاڭلىغاندا قانداق ھېسسىياتقا كېلىدىغاندۇ؟ «ئاھ ئاتا ـ ئانىلار، سىلەر ئاجراشماڭلار، بىز پەرزەنتلەرنى ھەرگىز يېتىم قىلماڭلار!»

ماقالىنى ئوقۇپ بولغۇچە يۈرەكلىرىم كۆكرەك قەپەسىگە پاتمىغاندەك بولۇپ كەتتىم. ياشلىرىم سىرغىپ دەپتەرنى ھۆل قىلىۋەتتى. كۆز ئالدىمدا مۇشۇ ماقالىنى يازغان ئاشۇ قىزنىڭ قارا قاشلىرى ئاستىدىكى مۇڭلۇق كۆزلىرى ۋە سولغۇن چىراي، ۋىجىك گەۋدىسى نامايان بولدى.

مەن بۇ قىزنىڭ مۇشتۇمچىلىك يۈركىنى شۇنچە ھەسرەتلەرنىڭ ئوراپ تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ يۈرەك ساداسىنىڭ شۇنچىلىك پىغانلىق ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. شۇڭا بۇ سەبىي قەلب ساداسىنى ھەممەيلەنگە ئاڭلاتقۇم كەلدى.

图书在版编目(CIP)数据
女儿的日记/吐尔逊娜依，热孜万丽著．乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2001.5
ISBN 7－5371－3853－2

Ⅰ.女… Ⅱ.①吐…②热… Ⅲ.儿童文学－故事作品集－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.1287.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 24426 号

责任编辑：再娜甫・穆萨
责任校对：阿布列孜・阿巴斯
伊巴代提・亚森
封面设计：阿里甫・夏

女儿的日记(维吾尔文)
(小说集)
吐尔逊娜依・玉塞音，热孜万古丽・玉塞音 著

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐市宏图印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 3.375印张
2001年5月第1版 2001年5月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN7－5371－3853－2/I・1397 定价：4.10元

如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: غالىپ شاھ




ISBN 7-5371-3853-2

9 787537 138536 >

ISBN 7 - 5371 - 3853 - 2

I · 1397(民文)定价: 4. 10 元